ئومۇمىي 32-سان
2022 ئاپرېل

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىمپېرىيىسى 37



كونا «ئوتتۇرا شەرق» 76



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش 1



2022 ئاپرېل
ئومۇمىي 32-سان

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمىي دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت 69

كۆن نۇرىدىن خالىي قىلىش كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدۇر 96

سىياسىي خەۋەر ھېرسمەنلىكىنىڭ زىيانلىرى 53

## ختاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## كۆپكۆڭدىكى ئۇيغۇرلار

كەبىنىڭ ئىشكىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر 21


## تارىخ ۋە بىز

ختاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۆشتۆمتۆت پەيدا بولغان ئىمپېرىيە»سىنى قانداق قۇردى؟

ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى 87















## خەلقئارا ۋەزىيەت

كونا «ئوتتۇرا شەرق» دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلدارىغا قىلغان چاقىرىقى 102

## گۈلىستان

جاھالەت 47

تويوتا شىركىتىنىڭ ھېكايىسى 108

## ساغلاملىق

چۈشكۈنلۈككە تەبىئىي ئۇسۇل بىلەن قارشى تۇرۇش

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

قەشقەرنىڭ 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى 59

شەرقىي تۈركىستاندىكى «تېرورلۇق كاپىتالىزمى» 42

خىتاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE UYGHURS

شان روبېرتس

Internal Campaign
a Muslim Minority



## بەشىنچى باب: «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت» ۋە «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»، 2013 ~ 2016

(بېشى ئالدىنقىساندا)

**«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» سۇرىيەدە**

تۈركىستان بىز سېنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق،
ئازادلىق يولۇڭدا ئەھدىلەر بېرىپ، ئۇلۇغۋار مەقسەتتە قەدەملەر ئالدۇق،
خار ئىدۇق كاپىرلار(نىڭ) ئاياغ ئاستىدا، ئەمدى كۆر، قوللاردا ھەرخىل قوراللار،
يۈرۈيمىز جەڭلەردە ئىزدەپ شاھادەت، ئۆلۈمگە بىز چوقۇم بەيئەت قىلغانلار
«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ــ «جىھاد ئوتىدا» (2018 ـ يىلى 10 ـ ئاي)

2012 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيەگە بېرىپ «تېرورلۇق تەشكىلاتى»غا قاتناشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىلەن تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نىڭ (ETESA) ئۇيغۇرلارنى سۇرىيەگە ئاپىرىش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغۇاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (111). 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە ئۆزلىرىنىڭ سۇرىيەدە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن خىتايغا قايتىپ بارغان بىر ئۇيغۇرنى قولغا ئالغانلىقىنى ئېيتتى (112). گەرچە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيەدىكى چەتئەللىك جەڭچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش بولمىسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپ قىسىم كۆزەتكۈچىلەر سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز دەپ قارىغاندى (113). ۋەھالەنكى، 2014 ـ يىلغا كەلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» سۇرىيەدە ۋىدىيو ئىشلەپ، ئافغانىستان ياكى پاكىستاندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ خىل قوراللانغان ئارمىيەنى، شۇنداقلا نۇرغۇن باللار بار ئۇيغۇر مەھەللىسىنى كۆرسەتتى (114). ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2015 ـ يىلى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۇرىيەدە پائال ھەرىكەت قىلۋاتقان قوشۇنى بارلىقى، مەزكۇر قوشۇننىڭ سۇرىيەنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا، بولۇپمۇ جىسر ئەلشۇغۇردىكى، ئەبۇ

ئەلدۇخۇر هاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى ۋە قارقۇردىكى هالقىلىق جەڭلەردىكى ئىپادىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى مەلۇم بولدى (115). دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى تۈركىيە چېگراسىغا يېقىن جايىدا «ئۇيغۇر ئولتۇراق رايونى» دېيىشكە بولىدىغان، ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقان مەھەللە بەرپا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار تارقىلىشقا باشلىدى (116). ئەسلىدە «ئەلقائىدە»نىڭ پاكىستان ـ ئافغانىستان چېگراسىدا ئاساسلىقى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماق تەشكىلاتى بولمىش «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» قانداقسىغا ئۈچ يىل ئىچىدە سۈرىيەدە زور قوشۇنغا ۋە ئولتۇراق رايونغا ئىگە تەشكىلاتقا ئايلاندى؟

## «ئەلقائىدە» بىلەن تۈركىيە: «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۈرىيەدە پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان غەلىتە شېرىكلەرمۇ؟

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئىلگىرىكى كۈچ ۋە بايلىق جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ سۈرىيەدە قانداقسىغا بۇ قەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھېلىھەم سىر پېتى تۇرماقتا. ھالبۇكى، «ئەلقائىدە» بىلەن تۈركىيەنىڭ ياردىمىنىڭ ــــ كونتروللۇقى بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ــــ بۇ جەھەتتىكى تۈرتكىلىك ئامىللار ئىكەنلىكى تولىمۇ روشەن. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2011 ـ يىلى ۋەزىرىستاندا تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلغاچقا، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە «ئەلقائىدە»گە تېخىمۇ بەك سىڭىپ كىرگەنىدى. 2012 ـ يىلى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سابىق ئەمىرى ئابدۇشۈكۈر ئىنسانسىز ئايروپىلان ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 2008 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدىكى تەشكىللىگۈچىلىرىدىن ئابدۇللا مەنسۇر بىلەن ئابدۇلھەقلا قالغانىدى، ھالبۇكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئابدۇلھەق بۇ چاغدا تېخى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقمىغانىدى. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تۈيۇقسىز ــــ بەلكىم تارىختا تۇنجى قېتىم بولۇشى مۇمكىن ــــ نۇرغۇن يېڭى جەڭچىلەرگە ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك، «ئەلقائىدە» بۇ تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ھېس قىلىپ، تەشكىلات رەھبەرلىكىگە بولغان تىزگىننى كۈچەيتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى «ئەلقائىدە»نىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە بولغان كونتروللۇقى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

ئەگەر ئەھۋال راست شۇنداق بولسا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2012 ـ يىلىلا سۈرىيەگە قول تىقىشقا باشلىغان بولىدۇ. چۈنكى، «ئەلقائىدە» دەل شۇ ۋاقىتتا سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. 2012 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «لېۋانت»نى قوغداش ئۈچۈن نۇسرا فرونتى («جەبھەتۇننۇسرا»)نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، «ئەلقائىدە» سۈرىيەدە پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى (117). 2013 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئەرەبچە چىقىدىغان ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان سۈرىيەدىكى چەتئەل جەڭچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (118). مەنمۇ 2013 ـ يىلىلا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەركىبىدە سۈرىيەدە تۇرغان ئۇيغۇردىن كەم دېگەندە بىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ تۈركىيە ئارقىلىق سۈرىيەگە بارغان ۋە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئاز ساندىكى يېڭى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، بىر قىسىم ھەربىي مەشقلەرگە

قاتناشقان ۋە بۇ دۆلەتتە ھەرىكەت ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ يەنە ئەينى چاغدا ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «شام ۋە ئىراق ئىسلام دۆلىتى»نىڭ سېپىگە قېتىلغانلىقىنى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئۇ ۋاقىتتا تېخى «ئەلقائىدە» بىلەن مۇناسىۋەتنى تەلتۆكۈس ئۈزمىگەنلىكىنى ئېيتتى. سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ 2014 - يىلى تارقىتىلغان ۋىدېيوسىنى نەزەردە تۇتقاندا، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» شۇ ۋاقىتتا خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، «نۇسرا فرونتى» بىلەن مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن بولغان ئەرەب جىھادچى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقانىدى.

ھالبۇكى، بىز 2015 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئىدلىب ئەتراپىدىكى مۇھىم جەڭلەرگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋىدېيولار ئارقىلىق، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۈرىيەدە خېلى چوڭ قوشۇنى بارلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتىنى كۆردۇق (119). «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ ۋاقىتتا يەنە يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن ۋىدېيولارنى ئېلان قىلىپ، قوشۇنىنى داۋاملىق زورايتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. مەزكۇر ۋىدېيولاردا كۆرسىتىلىشىچە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» كىشىلەرنى سۈرىيەگە كېلىشكە ئۈندەشتە، ئۇلارنى تۇرلۇك ھېسسىيات ۋە ئوخشىمىغان ئادەملەر ئارقىلىق جەلىپ قىلىشقا ئۇرۇنغان. يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋىدېيولىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى تېما قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇنى پۈتۈن دۇنيادىكى (خىلمۇخىل دۆلەت ۋە ئىرقتىن بولغان، ت) مۇسۇلمانلارنىڭ كۈرىشىگە باغلاپ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن سۈرىيەدىكى جىھادقا قاتنىشىشنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن (120). باشقا ۋىدېيولاردا سۈرىيەدىكى كۆچلۈك ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە سۈرىيەگە كەلگەن نۇرغۇن بالىلار بار ئۇيغۇر جامائىتى كۆرسىتىلىش ئارقىلىق، بولغۇسى يېڭى ئەسكەرلەرنى جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان (121). ھالبۇكى، بۇ ۋىدېيولار يەنە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرچىدىن باشقا، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە تۈركچە ۋىدېيولارنىمۇ تارقىتىپ، ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەردىنمۇ ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى (122).

ئەگەر «ئەلقائىدە» ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشقان (تېخىمۇ ئېنىقراقى، 2012 - يىلىدىن 2016 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئەلقائىدە»گە بەيئەت قىلغان، ت) «نۇسرا فرونتى» «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۈرىيەنىڭ شىمالىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن بولسا، تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتنىشىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكىگە ئائىت نۇرغۇن بىرەسمىي پاكىتلار مەۋجۇت. يۇقىرىدىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئېنىتايىن كۆپ ـــ بەلكىم سانى 30 مىڭغا يېتىشى مۇمكىن ـــ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى بۇ مەزگىلدە تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى تورى ئارقىلىق كەلگەن بولسا، تېخىمۇ كۆپى 2015 - يىلىدىن 2016 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي دائىرىلىرى بەرگەن پاسپورت ئارقىلىق بىۋاسىتە ۋە قانۇنلۇق ھالدا كەلگەن. بۇلار تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۈركىيە ئۇلارغا رەسمىي مۇساپىر (پاناھلىق تىلىگۈچى)لىق سالاھىيىتىمۇ، ھەقىقىي پۇقرالىق سالاھىيىتىمۇ بەرمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارغا ئومۇمەن ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى (ئىقامەت كارتىسى) بېرىلگەن بولۇپ، بۇ گۇۋاھنامە ئالغان كىشىلەرنىڭ خىزمەت قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى، مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنغاندا (تۈركىيەدىكى) نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا مۇشۇ خىل ئېنىقسىز ھالەتتە ياشاۋاتاتتى. گەرچە تۈركىيە (يېقىنقى بەزى ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) بۇ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىنى بەك بولسا «ئېنىقسىز» دېيىشكە بولاتتى. شۇنداقلا، ئۇلار ـــ بولۇپمۇ خىزمەت رۇخستى ئالالمىغانلار ـــ تۇرمۇشنى قامداش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆچمەنلىك سالاھىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئېنىقسىزلىقى تۈركىيەدىكى بۇ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ سۈرىيىگە كېتىشكە

سەۋەب بولدى. چۈنكى، سۈرىيەدە ئۇلارغا تۇرالغۇ، يېمەكلىك بېرىلىدىغانلىقى ۋە بالىلىرىنى ئوقۇتالايدىغان مەكتەپ بارلىقى ۋەدە قىلىنغانىدى.

گەرچە سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى چېغىدىلا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن سۈرىيەگە بارغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ تۈركىيەدىكى، يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن نۇرغۇن مۇساپىرلارنى يەرلەشتۈرۈشكە كۆچ چىقارغان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىمدىن شۇ نەرسە روشەنكى، ئۇلار تۈركىيەدىكى، شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى كەلگەن ئۇيغۇرلارنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن سۈرىيەگە ئاپىرىش كويىدا يۈرىدىغان باشقا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار بىلەن (بۇ يېڭى كەلگەنلەرنى «تالىشىش»تىن ئىبارەت، ت) «رىقابەت»كە چۈشۈشكە مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، بۇ مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنغان ئاز ساندىكى بىر قانچە پارچە ئاخبارات ماقالىلىرىنىڭ بىرىدە، 2015 ـ يىلى ئىستانبۇل ئايرودرومىدا بىر تۈركۈم مۇساپىرلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىشنى پىلانلىغان بىر پائالىيەتچىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ يېڭى ئادەم قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل كىشىلىرى بىلەن ئۈچرىشىپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان (123). نەتىجىدە، مەزكۇر ئادەم قوبۇل قىلغۇچىلار يېڭى كەلگەنلەرنى بىۋاستە سۈرىيەگە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

(يۇقىرىقىغا قارىغاندا) تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال شۇكى، بۇ مۇساپىرلار تۈركىيەدە تۇرمۇش كەچۈرۈشتە قىينالغاندىن كېيىن، ئاندىن سۈرىيىگە قىزىقتۇرۇپ ئاپىرىلغان. زىيارەتمنى قوبۇل قىلغۇچىلار ــــ بۇلار «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن سۈرىيەگە بارغانلار ئىدى ــــ تەرىپىدىن سالاھىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئادەم قوبۇل قىلغۇچىلىرىدىن بىرى، ئىستانبۇلدا ياشايدىغان سەيفۇللا ئىسىملىك كىشى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەرگە سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتنىشىشتىكى مەقسەتنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى فەتھى قىلىدىغان ئۇرۇش قوزغاشتىن ئىبارەت ئاخىرقى پىلانى ئۈچۈن مەشق قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيىگە بېرىشىنى توسماقچى بولغان پائالىيەتچىلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى پەرەز قىلىنغان لۈكچەكلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە قىلمۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىش توغرىسىدىكى بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتى (124). لېكىن، بۇ ئادەم قوبۇل قىلغۇچىلار ۋە لۈكچەكلەرنىڭ زادى بازا تەشكىلاتى ئۈچۈن، ياكى پاكىستاندىكى/ئافغانىستاندىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۈچۈن، ياكى تۈركىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نى قوللىغۇچىلار ئۈچۈن، ۋەياكى تامامەن باشقا بىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ تۈركىيەدىكى «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نىمۇ («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۈچۈن) ئادەم قوبۇل قىلىشقا چېتىشلىق دەپ ئەيىبلىدى. ئەمما، بۇ تەشكىلات ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيىگە بېرىشىنى توسۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. گەرچە بەزىلەر تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتنىشىشنى بىۋاستە قوللىغان دەپ پەرەز قىلىشسىمۇ، ئەمما بۇ پەرەزنى دەلىللەيدىغان شەكسىز پاكىتلار يوق. بۇ پەرەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا شەرقتىكى تەرەپباز تاراتقۇلاردىن مەنبەلەنگەن بولۇپ، بۇ تاراتقۇلار سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ تۈركىيەنىڭ سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى «مۇستەملىكىسى»نىڭ بىر قىسمى ياكى تۈركىيە قوللىغان «شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش» سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشاتتى (125). گەرچە بۇ مەنبەلەرنىڭ خاراكتېرى ھەمىدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلىرى گۇمانلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۈركىيەنىڭ بۇ ئىشقا قول تىققانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكمىنى تامامەن ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ. تۈركىيەنىڭ ھەر

خىل جىھادىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنىڭ سۇرىيەگە كىرىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن ئۆتۈشكە يول قويغانلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلار مەۋجۇت. شۇنداقلا، تۈركىيە — ھېچ بولمىغاندا ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە — «نۇسرا فرونتى»نى مەلۇم دەرىجىدە قوللىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تۈركىيە قوللىغان «ئەركىن سۇرىيە ئارمىيەسى» بىلەن ئورتاق دۈشمىنى بار ئىدى (126). بۇنىڭدىن سىرت، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيە - تۈركىيە چېگراسىدىن ئەركىن - ئازادە كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكى ۋە بۇ جەرياندا تۈركىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئاساسەن ياكى پەقەتلا ئۇچرىمىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن بىرەسمىي پاكىتلار مەۋجۇت.

## «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئۇيغۇر جىھادچىلىرى كىملەر؟

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئەزا بولۇپ، سۇرىيەدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم. «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ مەن 2019 - يىلى يازدا تۈركىيەدە كۆرۈشكەن ئاتالمىش يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا سۇرىيەدە 30 مىڭ ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلىپ باققانلىقىنى ئېيتقانىدى. سۇرىيەنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى 2017 - يىلى سۇرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ سانىنىڭ تەخمىنەن بەش مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (127). بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىمۇ ئوخشاش مەزگىلدە بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلىپ، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۇرىيەدە ئۈچ مىڭ ئۇيغۇر جەڭچىسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (128). دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرلا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەقىقىي جەڭچىلىرى بولالايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بۇ دۆلەتتىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ جەڭچىلىرىنىڭكىدىن خېلى بەكلا كۆپ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، «شام ۋە ئىراق ئىسلام دۆلىتى»گە ئوخشىمايدىغىنى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆز ئەزالىرى توغرىسىدا ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇرمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سۇرىيەدىكى جەڭچىلىرىنىڭ ھەقىقىي سانىنى ھېچكىم بىلەلمەسلىكى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئافغانىستاندىكى تەشكىلاتىغا ۋە ئابدۇلھەقنىڭ پاكىستاندىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە ئوخشاش، سۇرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»مۇ ئۇرۇشخۇمار تەشكىلاتتىن بەكرەك، بىر جامائەتكە ئوخشايتتى. گەرچە ئۇرۇشقا قاتناشقان جامائەت ئەزالىرىنىڭ — بۇلار ئاساسلىقى قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر — بىر قوماندانلىق زەنجىرىگە بويسۇنۇپ، ئۈستىدىكى باشلىقلىرىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما سۇرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» جامائىتى تەشكىلىي جەھەتتە نىسبەتەن ئەركىن ۋە چوڭراق جىھادىي تەشكىلاتلاردىن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كىشىلەر سۇرىيەدىكى بۇ جامائەت بىلەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئارىسىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرغانىدى. ئۇلار سۇرىيىدە مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، «ئۇيغۇر كەنتلىرى» دېيىشكە بولىدىغان جايلارنى قۇرۇپ چىققانىدى،

ئەمما بۇ كەنتلەرنىڭ مەلۇم بىر شەخس ياكى تەشكىلاتنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ياشايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئوخشىمىغان ۋاقىتتا مەزكۇر جامائەتكە قاتناشقان، ھەتتا ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭمۇ ئۆزىنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ «ئەزاسى» دەپ قارايدىغان ـ قارىمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى.

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئەڭ پائال ھەرىكەت قىلىغان جايدىكى، يەنى ئىدلىبتىكى كىشىلەرنى زىيارەت قىلغان، كارنىگى ئوتتۇرا شەرق مەركىزىدىكى موھاناد ئەلى ھېيج (Mohanad Ali Hage) سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىكى ئۇيغۇرلارنى «ئۆزگىچە جىھادچىلار» دەپ ئاتايدۇ (129). ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىكى ئۇيغۇرلار) پۇقرالار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا، باج يىغىشقا ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەكسىچە، ئۇلار تاشلىۋېتىلگەن بازارلاردا ئولتۇراقلىشىشقا مايىل بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە باشقىلار بىلەن ئاساسەن باردى ـ كەلدى قىلماستىن، دىققىتىنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرگەندى» (130). مەن زىيارەت قىلغان، ئىلگىرى سۈرىيەدە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشقان ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان، ئىسلام، ماتېماتىكا ۋە باشقا ھەر خىل پەنلەر ئۆگىتىلىدىغان مەكتەپلەر بار يېزا ـ بازار ۋە مەھەللىلەر توغرىسىدا توختالدى (131). گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرىدا بۇ مەكتەپلەردە يەنە ئوقۇغۇچىلارغا قورال ئىشلىتىش ۋە ئۇرۇش سەنئىتىمۇ ئۆگىتىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەرىكەتلىرىدە بالا ئەسكەرلەر ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت يوق. بۇنىڭدىن سىرت، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرىدا يەنە سۈرىيىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ «جامائەت» خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرلەر قاتناشقان ئۇرۇشلاردىن سىرت، يەنە ھېيتلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە باشقا مەھەللىۋى يىغىلىشلارمۇ كۆرسىتىلگەن.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، سۈرىيەنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ. (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا) ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئۆز خاھىشى ۋە ئۆز قائىدىسى بويىچە ياشايدىغان تۇرمۇش بىلەن تەمىنلىگەن. گەرچە بۇ مەھەللىدىكى تۇرمۇش قائىدىسى كونسېرۋاتىپراق بولسىمۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىلگىرى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئەزاسى بولغان ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگۈچىلىرىم بۇ يەردە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئۇنچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاق نامازغا ھورۇنلۇق قىلىش ۋە تاماكا چېكىش خاھىشى سەۋەبلىك ئۇيغۇر بولمىغان جىھادچىلاردىن تەنبىھ ئاڭلىغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ۋىدىيولىرى ئارىسىدا، سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆرسىتىلگەن ۋىدىيولار ـــ ئەگەر بار دېگەن تەقدىردىمۇ ـــ كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇ مەزكۇر جامائەتتە نامەھرەم ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئېرىشەلەيدىغان پارچە ـ پۇرات ئۇچۇرلار ئارقىلىق، سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە باغلىنىشلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ تولۇق ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىش بەسى مۈشكۈل. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشقان بىر قانچە خىل ئوخشىمىغان تىپتىكى ئۇيغۇرلارنى بىر يەرگە توپلىغىلى بولىدۇ. مەن زىيارەت قىلغان، سۈرىيەدە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتنىشىپ باققان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئېنىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۈرىيىگە بېرىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ۋەتىنىنى خىتايدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان ئۇرۇش تەجرىبىسى توپلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇلار ئاساسەن

يىگىرمە نەچچە ۋە ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا بولۇپ، 2000 ـ يىللاردا ئۆز ۋەتىنىنىڭ يېزىلىرىدا چوڭ بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆسمۈرلۈك ۋەياكى قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى مەزگىللىرىنى يوشۇرۇن «تېرورچى» ياكى «ئاشقۇن» دەپ گۇمان قىلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىنىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك «جىنايەت»لەر سەۋەبلىك تۈرمىدە ياتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ غايەت زور بېسىمى سەۋەبىدىن ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئەتكەن. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئۇلار خىتاي دۆلىتىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۇنى ۋەتىنىنى ئىشغال قىلغۇچى دەپ قارايتتى. ئەمما ئۇلار يەرشارىۋى جىھاد غايىسىگە ھەققىي رەۋىشتە قىزىقمايتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كىشىلەر (يەنى مەن زىيارەت قىلغانلار)نىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سۈرىيەدىكى بازىسىدىن ئايرىلىپ، تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا باشقىلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش خىيالىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، مەزكۇر كىتاب ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا، سۈرىيەدىن تۈركىيەگە قايتقان بۇ خىل ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ ئىدى. ئىستانبۇلدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ 2019 ـ يىلى يازدا ئۆز مەھەللىسى توغرىسىدا ئېيتقىنىدەك، كوچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن بىرى سۈرىيىگە بېرىپ باققانىدى.

سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە چېتىشلىق ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار سۈرىيەگە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلىپ، بارلىق پۇلىنى ئادەم ئەتكەسچىلىرىگە بېرىۋەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈچۈن ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە تۈركىيەگە كەلگەندە قاقسەنەم بولۇپ قالىدىغان بولۇپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئازغىنە ياردەم بەرگەن ياكى ھېچقانداق ياردەم بەرمىگەن. سۈرىيەدە بولسا بۇ كىشىلەرگە تۇرالغۇ، يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باللىرىنى تەربىيەلەش ئىمكانى بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى ئۇيغۇرلار سۈرىيەگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىنچ ۋە ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار بۇنداق شارائىتتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، يەنىلا ئۇرۇشقا قاتناشمىسا بولمايتتى. ئاخىرىدا، سۈرىيىگە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سېپىدە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۆئەييەن ساندىكى ئۇيغۇرلار يەر شارىۋى جىھادچىلىق ئىدىئولوگىيەسىنىڭ ھەقىقىي ئەگەشكۈچىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قوشۇلۇشىدىكى (ئەسلى) سەۋەب يەرشارىۋى جىھادقا تۆھپە قوشۇش ئىستىكى بولماستىن، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى؛ لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش پىكىردىكى بىر جامائەتنى تاپقانلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دە قالغان بولۇشى، شۇندىلا كېيىنچە زېھنىنى «ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇسۇلمان ئۈممىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»قا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» خىتاي 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە «تېرورلۇق تەھدىتى» مەۋجۇتلۇقىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغاندا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت»نىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. مەن تۈركىيەدە زىيارەت قىلغان، ئىلگىرى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ سېپىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت؟ [ئۇ] خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدىكى زۇلمىدىن كۆچكە ئېرىشكەن؛ ئۇ (يەنى خىتاينىڭ زۇلمى) بولمىسا، ئۇ (يەنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى») مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؛ تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى خىتاي ئۆزى قىستاپ مەيدانغا چىقاردى». سۈرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»گە قاتناشقان ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر «تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى»نىڭ ياكى سەلەفىيلىك ھەرىكىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلار خىتاينىڭ «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇشى»دىن قېچىپ، ئۆز ۋەتىنىدىن

يىراق جايدا چەتئەل ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بۇ ئارقىلىق يا بىر كۆنلەردە (جەڭگاھتا تۇپىلغان) تەجرىبىلىرىنى خىتايغا قارشى ئۇرۇشتا ئىشلىتىشنى، ياكى نوقۇل ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايتتى.

## بوران - چاپقۇن ھارپىسىدا

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۇرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىن ئىبارەت زور ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ پەيدا بولۇشىغا خىتاي ھۆكۈمىتى سەۋەبچى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ (يەنى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى») خىتاي 2001 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدا داۋراڭ سېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر دىيارىدا شەكىللەنگەن شارائىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۆز نۆۋىتىدە («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىن ئىبارەت) بۇ قوشۇن («ئۇيغۇرلار تېرورلۇق تەھدىتىدۇر» دېگەن) مەزكۇر ھېكايىنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇنى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلىتىشىگە تۈرتكە بولدى. ھالبۇكى، بۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر ۋەتىنىدە 2016 ~ 2017 - يىللىرى ئارىسىدا باشلانغان كۆلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، مەن يېقىندا «بىخەتەرلىك تەتقىقاتى» ساھەسىدە ئېلان قىلىنغان مەلۇم بىر «ئىلمىي ماقالە»دىكى نۇقتىئىينەزەرگە قوشۇلمايمەن. مەزكۇر ماقالىدە: «خىتاي (ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئۇيغۇرلار 2017 - يىلىدىن باشلاپ دۇچ كەلگەن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىش، چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە نازارەت قىلىنىش ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش ئاساسلىقى خىتاينىڭ <تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى>نىڭ سۇرىيەدىكى پائال مەۋجۇتلۇقىغا بولغان ئەندىشىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر» دېيىلگەن (132). ئەكسىچە، 2016 - يىلىلا، خىتاينىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويىدىغان سىياسىتىگە تۈرتكە بولىدىغان بىر قاتار ئامىللار مەۋجۇت ئىدى، شۇنداقلا، سۇرىيەدىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» توغرىسىدىكى «ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت» پەقەت شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھىم بىر ئامىل ئىدى، خالاس.

1990 - يىللاردىن باشلاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى پائالىيەتلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى ھەمدە بۇ يەرلىك خەلق بىلەن بولغان ئۈزلۈكسىز زوراۋان توقۇنۇشقا سەۋەب بولدى. 2009 - يىلى باشلانغان بۇ توقۇنۇش 2016 - يىلى شىددەت بىلەن ئەدەپ — بولۇپمۇ جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىدا — تېزگىنىدىن چىقتى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا نىشان قىلغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى ئىدىيەۋى ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلەيدىغان «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نى بارغانسېرى كۈچەپ يولغا قويۇشى سەۋەبلىك مەزكۇر رايوندىكى كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل مۇستەملىكىچىلىك 2013 - يىلىدىن كېيىن، شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق تاشقى سىياسەت پروجېكتى بولغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» دائىرىسىدە، ئۇيغۇر دىيارىنى. تېزدىن غوللۇق سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى.، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ

رەھبەرلىك ئۇسلۇبى سەۋەبلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ پارتىيەنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى، ھەتتا (شەرقىي تۈركىستاندىكىدەك) ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي زىددىيەتنىمۇ، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ماۋ زېدوڭدىن بۇيانقى ھەر قانداق بىر خىتاي رەھبىرىدىن بەكرەك ئىشىنىدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى.

ئۇيغۇر دىيارىدا خىتايلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەملىكە قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشى 2017 ـ يىلى باشلانغان كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق ۋە تۈپ سەۋەبىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە «تېرورلۇق تەھدىتى» ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە بۇنى يوللۇقلاشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئىجرائاتىنى تېزلەتكەن. بۇ ھېكايە 2011 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار چېكىدىن ئاشقان ئاسسىمىلياتسىيە تەدبىرلىرىگە قارشى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ يادرولۇق سەۋەبلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى زوراۋانلارچە باستۇرۇشنى يوللۇقلاشتۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كۆرۈنۈشتە بۇ قارشىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان زوراۋانلىق دەۋرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. ئاخىرىدا، بەلكىم ئەڭ مۇھىمى، (ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»گە ئالاقىدار) مەزكۇر ھېكايىنىڭ «تېرورلۇقنىڭ تەھدىتى»نى مۇئەييەن خەلق ئارىسىدىكى يۇقۇملۇق كېسەل دەپ قارايدىغان ئەزەلىي بىئوپولىتىكىلىق چۈشەنچىسى دۆلەتنىڭ بارلىق ئۇيغۇرلارنى ۋە ئاخىرىدا بىۋاسىتە ئۇيغۇر كىملىكىنى مەزكۇر تەھدىتنىڭ يوشۇرۇن تەركىبى سۈپىتىدە نىشانلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى ـ دە، بۇ ھېكايىگە كۆرە، ئۇيغۇرلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش ياكى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، سۈرىيىدىكى خىل قورال‌لانغان ۋە نىسبەتەن كۈچلۈك «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىن ئىبارەت ئۇيغۇر قوشۇنى خىتاينىڭ ئۆزلىرى ئۇزۇندىن بۇيان دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى داۋراڭ سېلىپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ راستلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشىدىكى كۈچلۈك ۋاستىلەردىن بىرى بولدى. شۇنداقلا، خىتاي 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچى ئىستراتېگىيەسىنى ئاقلاشتىمۇ (ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى) بۇ نۇقتىئىينەزىرىنى بازارغا سالدى. گەرچە مەزكۇر كىتابتا ئىشلىتىلگەن جانلىق ئېنىقلىمىغا كۆرە، («تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»دىن ئىبارەت) ئاساسلىقى پۇقرالارنى قەستەن نىشانلىمايدىغان ئەنئەنىۋى ياللانما ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ قوشۇننى «تېرورلۇق تەشكىلاتى» دەپ بېكىتىش تەسكە توختىسىمۇ، ئەمما ئۇ «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە كۆپىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن «تېرورچىلار» دەپ قارىلىدىغان «ئەلقائىدە»گە چېتىشلىق جىھادىي تەشكىلاتتۇر. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە «خىتاي دەرۋەقە ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان ھايات ـ ماماتلىق تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن پەرەزگە سەۋەب بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەۋجۇت كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسىگە بولغان تەنقىدىنى ئۈنۈملۈك ھالدا بۇرۇۋەتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا، يۇقىرىقىدىنمۇ مۇھىمى، «سۈرىيەدىكى بۇ قوشۇن ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى خىتاي دۆلىتى ۋە جەمئىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى» دېگەن قاراش خىتايدىكى پۇقرالار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ مەزكۇر رايوندا يولغا قويۇلغان چېكىدىن ئاشقان سىياسەتلەرگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. نۇرغۇن خىتاي پۇقرالىرى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 2013 ـ يىلى بېيجىڭدا، 2014 ـ يىلى كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە، ھەتتا 2009 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن زوراۋانلىقنىڭ جاۋابكارى، شۇنداقلا (ئۆزلىرى ئۈچۈن) ھايات ـ ماماتلىق تەھدىت ئىكەنلىكىگە

ئىشەندى. بۇ خىل چۈشەنچە دۆلەت ئاپپاراتلىرىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن، جۈملىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر دىيارىدا سىياسەت ئىجرا قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ھېچقانچە ياكى پەقەتلا تەھدىت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوپئوچۇق بىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە خىتاي پۇقرالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بۇنى ئېغىر ۋە ھايات ـ ماماتلىق تەھدىت دەپ قارىشى مەزكۇر تەھدىتنى پەسەيتىدىغان ھەرقانداق زورۇر تەدبىرنى ئاقلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. نۆۋەتتە بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ «تەدبىر»لەر كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي ئېغىر «تېرورلۇق تەھدىتى»گە دۇچ كەلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ۋەھشىي تەدبىرلەرنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارىتىلغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ھېچقانچە تەھدىت شەكىللەندۈرمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، (خىتاي يولغا قويغان) بۇ ۋەھشىي تەدبىرلەر كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ.



6 Uyghur men sit at attention in a mass internment camp in Lop near Khotan, 2017.

ئۇيغۇر ئەرلىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى بىر جازا لاگېرىدا تىك ئولتۇرماقتا، 2017 ـ يىلى. (ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قىستۇرۇلغان رەسىم

## ئالتىنچى باب: كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق —
## 2017 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە

«كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق» (cultural genocide) دېگەن بۇ ئىبارە ئادەتتە 1940 ـ يىللاردا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» (genocide) ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان پولشالىق ئادۋوكات رافائىل لېمكىنغا (Raphael Lemkin) نىسبەت بېرىلىدۇ. لېمكىننىڭ قارىشىچە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەقەت مۇئەييەن بىر توپقا تەۋە كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈشلا بولماستىن، ئۇ بۇ ئاتالغۇنى «بىر مىللەت ياكى بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنى ۋەيران قىلىش» دەپ تەبىرلىگەن (1). ئۇ بۇ خىل ۋەيران قىلىشنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، بۇنىڭ شۇ مىللەتنى «دەرھال يوقىتىش»، يەنى ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ئەھۋالنىڭ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە، ئۇنىڭ دائىم دېگۈدەك شۇ توپنىڭ كۇلتۇرەل ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، يەنى «مىللىي توپنىڭ ھاياتىنىڭ تۈپ ئاساسى»نى سىستېمىلىق يوقىتىش ئارقىلىق تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن (2). لېمكىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ نىشانىنى بايان قىلغاندا، بۇنىڭ «مىللىي توپنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ، كۇلتۇرىنىڭ، تىلىنىڭ، مىللىي ھېسسىياتىنىڭ، دىنىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ يىمىرىلىشىنى، شۇنداقلا ئاشۇ توپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ شەخسىي بىخەتەرلىكىنىڭ، ئەركىنلىكىنىڭ، ساغلاملىقىنىڭ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ، ھەتتا ھاياتىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى» ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن (3).

گەرچە بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئىشلەتكەن لېمكىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىر گۇرۇپپىنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش جەريانى دەپ قارىغان بولسىمۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئادەتتە ئۇنى بىر مىللەت ياكى ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ گېن ئامبىرىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش دەپ تولىمۇ تارايتىپ شەرھلىشىدۇ. كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىغا ئالاقىدار ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەسرەت ئىلكىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەر كۆپىنچە ھاللاردا بىر مىللەت ياكى

ئېتنىك گۇرۇپپىنى كۇلتۇرەل ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ۋە كىملىكىنىڭ قەستەن ۋەيران قىلىنىشىدىن قوغدىيالمايدۇ (4). ھالبۇكى، ئاشۇ ئەسىرلەردە ـــ لېمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بولغان ئەسلى ئېنىقلىمىسىغا ئۇيغۇن ھالدا ـــ كۇلتۇرنى يوقىتىشنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يادروسى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە كۇلتۇرەل يوقىتىش ھەممىشە بىر مىللەتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىلىشىغا ياندىشىپ كەلمىسىمۇ، ئۇ تارىختىن بۇيان كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگەن. كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىنىڭ تارىخى مىللىي ۋە ئېتنىك كۇلتۇرنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بۇنداق زوراۋانلىق مىساللىرى بىلەن تولغان. بۇ مىللىي توپلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئايرىۋېتىلگەن مەھەللە ياكى رايونلارغا بەند قىلىش، كىشىلەرنى زوراۋانلىق ۋە قىيناش تەھدىتى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ياتاقلىق مەكتەپلەردە بالىلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئائىلىسىدىن ئوغۇرلاپ - ئاشكارا ئايرىۋېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن گۇرۇپپىلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر دائىم ئۆلتۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى يوقىتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتسە تېخىمۇ شۇنداق.

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 - يىلىدىن بۇيانقى قىسمەتلىرى 19 - ئەسىردىكى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەقدىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئارىدىكى پەرق پەقەت ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىدە، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە مەجبۇرلاشتا 21 - ئەسىردىكى ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىلغانلىقىدۇر. 2017 - يىلىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دائىم دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغان، ئۇلار ئۆز كىملىكى سەۋەبلىك كەمسىتىلگەن، شۇنداقلا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا مەجبۇرلانغان ۋە دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە چەك قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كىملىكى تەلتۆكۈس يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمىگەنىدى. 2017 - يىلى خىتاي ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى تەرەددۇتسىز ھالدا «كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاشقا بولىدىغان رەۋىشتە، سىستېمىلىق ۋە زوراۋانلارچە يوقىتىشقا باشلىغاندا، بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى.

كۆپ قىسىم رايونلىرى مۇستەمچىلىكچىلىكنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان بۇ دۇنيادا، ئېتنىك ياكى مىللىي توپنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەھەتتىكى بۇ خىل زوراۋان ئۇرۇنۇش ئادەتتە خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماس ھالغا كەلدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئۆز قىلمىشىنى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش» ئارقا كۆرۈنۈشىدە «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ ئاقلىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق، بۇ قىلمىشلارنىڭ ـــ ھېچ بولمىغاندا ھازىرغىچە ـــ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماستىن سادىر قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. «تېرورلۇق تەھدىتى» شەكىللەندۇرگەنلىكى بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان. ئۇلار ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇلۇپ، تارىخىي نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان ۋە ھاماقەتلەرچە زوراۋانلىق قىلىدىغان، ئىدراكتىن خالىي جىنايەتچىلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «تېرورچىلار» سۈپىتىدە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈش دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ھايات - ماماتلىق بىخەتەرلىك تەھدىتىگە قايتۇرۇلغان مۇۋاپىق ئىنكاس سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىغا شارائىت ياراتتى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەنقىد قىلغان دۆلەتلەر 2000 - يىللارنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىنىڭ كۆپىنچە قىسمىدا، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نى قوزغىغان، شۇنداقلا ئاتالمىش «تېرورچىلار»نى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ دەل ئۆزى بولغاچقا، ئۇلار بۇ تېمىدىكى ئەخلاقىي نوپۇزدىن مەھرۇم ئىدى.

## ئۇيغۇر كىملىكىگە قارىتىلغان سىستېمىلىق ھۇجۇمنىڭ مەنبەسى

ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، بىز نۆۋەتتىكى كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىنىڭ 2014 - يىلى باشلانغان «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» جەريانىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. «خەلق ئۇرۇشى»دا، ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نىڭ تۈپ سەۋەبى ئۇيغۇر كۇلتۇرىدىن، ياكى ھېچ بولمىغاندا خىتاي تەرىپىدىن شۇ كۇلتۇرنى يۇقۇملاندۇرغان دەپ قارالغان خەتەرلىك تەسىرلەردىن مەنبەلەنگەن، دەپ «دىياگنوز» قويۇلدى. بۇ قارىماققا دىنغا قارشى مۇجادىلىدەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۇجۇم دائىرىسى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. 2014 - يىلى ئىلھام توختىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىشى «خەلق ئۇرۇشى»نىڭ ئىسلامنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىدىكى رولىدىن، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق چۇقانلىرىغا زەربە بېرىشتىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئىدىئولوگىيەلىك توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئىلھام توختى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى خىتاي دۆلىتىگە تەۋە دەپ قارايدىغان، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى سۆيىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ جازاغا تارتىلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان «ھەقىقىي» جىنايىتى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلىقى ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلماستىن، ئۇيغۇرلار ئۆز ئۆزىگە بەكرەك خوجا بولالايدىغان ۋە خىتايلار بىلەن باراۋەر ھۆرمەتلىنىدىغان «شىنجاڭ» بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ خىتايغا قوشۇۋېلىنىشىنى تەنقىد قىلماستىن، بۇ يەرنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغانلىقىنى تەنقىد قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇددەتسىز قاماق

جازاسى بارلىق ئۇيغۇرلارغا بۇ مەسلىدە مۇرەسسەگە ئورۇن يوقلۇقىنى بىلدۈردى. خىتاينىڭ بۇ رايون ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پىلانى باردەك قىلاتتى، شۇنداقلا ئەگەر خىتاينىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا ئەڭ پايدىلىق بولغان نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سادالىرىنى تىنجىتىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بۇ (خىتاينىڭ نەزىرىدە) قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتەك قىلاتتى.

«خەلق ئۇرۇشى»نىڭ مەنتىقىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ھەرقانداق ئېتىرازنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشقا مەركەزلەشكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق غەرىزىگە ئىگە ئىدى، شۇنداقلا كۇلتۇرەل يوقىتىشنىڭ نۇرغۇن قوراللىرىمۇ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئىشقا سېلىنغانىدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ ھەربىي ھۆددىگەرلىك شىركىتى بولغان «خىتاي ئېلېكترون تېخنىكا گۇرۇھى» 2014 ـ يىلىلا «ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش» پروگراممىسىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ غايەت زور سانداننى قۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، مەزكۇر پروگراممىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قايسىسىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن «تېرورچى» (يەنى دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە مايىللار) دەپ قارالغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلالايدىكەن (5). بۇ غايەت زور ساندان ھەر خىل مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئارىلاشتۇرۇپ توپلاپ، ئاندىن ئۇنى تېز سۈرئەتتە، شەخسلەر بويىچە تۈرگە ئايرىيالايدىكەن. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىشلىرى، ئالاقىلىرى، پائالىيەتلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەتكە ۋە پارتىيەگە بولغان ساداقىتىنى باھالاش مەقسىتىدە، مىليونلىغان ئۇيغۇر ئۈچۈن ئارخىپ تۇرغۇزۇش تۈرى ئىدى. بۇ سىستېمىنىڭ 2016 ـ يىلى رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، خىتاينىڭ تېخىمۇ كۆپ شەخسىي سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىشكە شارائىت ھازىرلىغان يېڭى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» تەرىپىدىن قانۇنىيلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى كېڭەيتىلگەن بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلاندى ۋە بۇ سىستېمىغا ئۇچۇرى كىرگۈزۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئارخىپىنى شۇ ھامان چاقىرىپ بېرىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى.

ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، كەلگۈسىدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئالامەتلىرىمۇ 2014 ـ يىلى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئادرىيان زېنزنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن ناھىيەلەر 2014 ـ يىلى ئاتالمىش ئىسلامىي «ئاشقۇن»لارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، «قايتا تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» پروگراممىلىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان. ھالبۇكى، بۇ خىل پروگراممىلار شۇنىڭدىن ئىلگىرى فالۇنگۇڭچىلار، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ۋە ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرنىلا نىشان قىلاتتى (6). 2014 ـ ۋە 2015 ـ يىللىرى بۇ سىستېما تېخىمۇ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان تەدبىرلەر قوللىنىلغىنىغا قارىغاندا، يەنىلا سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ پروگراممىلارنىڭ بەزىلىرى كۈندۈزلۈك «ئىسلاھات مەكتەپلىرى»دەك قىلاتتى، يەنە بەزىلىرىدە قىسقا مۇددەت ئالاقىدار مۇئەسسەسەلەردە يېتىپ ـ قوپۇش تەلەپ قىلىنغان بولسا، بەزىلىرىدە كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇلاتتى. بۇ جەريان ئېنىقلا «خەلق ئۇرۇشى» تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاندا دىندارلىقنى ئاشكارا ئېپادىلەشكە قارىتا يولغا قويۇلغان چەكلىمىلەرنىڭ ئىجرائاتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى. شۇنداقلا، يەرلىك دائىرىلەر تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ سانى، تەسىس قىلىنغان دەرسلەر،

قانچىلىك كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «ئۆزگەرتىلگەن»لىكى قاتارلىق خىزمەت كۆرسەتكۈچلىرىنى ئاشكارا ھۆججەتلەردە ئوچۇق بايان قىلغانىدى. گەرچە بۇ پائالىيەت قارىماققا رايوننىڭ جەنۇبىغا مەركەزلەشكەندەك، ئالاھىدە دىندار كىشىلەرنى نىشان قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ شىمالدىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردىمۇ ئېلىپ بېرىلغانىدى. گەرچە يەرلىك دائىرىلەر (بۇ جەھەتتە) مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى دەۋا قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلەر رايوندىكى زوراۋانلىقنى توختىتالماستىن، ئەكسىچە 2014 - ۋە 2015 - يىللىرى زوراۋانلىق ۋەقەلىرى ئېزچىل ئەۋجىگە چىققانىدى.

بۇ مەزگىلدىكى قايتا تەربىيەلەش مۇجادىلىسىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىلا نىشانغا ئېلىشتىن ئىبارەت) ئېنىق بىئوپولىتىكىلىق مەنتىقىگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاكىتلار مەۋجۇت. بۇ خىل بىئوپولىتىكىلىق مەنتىقە ئاممىۋى ساغلاملىقتىن ئىلھام ئالغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆرە «ئاشقۇنلۇق» نوپۇسنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىلمىي ئۇسۇلدا داۋالاشقا تېگىشلىك يۇقۇملۇق كېسەل ئىدى. مەسىلەن، ئادرىيان زېنز بۇ رايوندىكى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ پارتىيە سېكرېتارىنىڭ 2015 - يىلى شۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى باشقىلارغا ئەگىشىدۇ، ئەمما ئوتتۇز پىرسەنتى <دىنىي ئاشقۇنلۇق بىلەن بۇلغانغان> بولۇپ، <مەركەزلىك تەربىيەلىنىش>كە موھتاج. ئاشۇ ئوتتۇز پىرسەنت كىشى ئۆزگەرتىلسە ... يېزىلار ئاساسىي جەھەتتىن تازىلانغان بولىدۇ» (8). زېنز يەنە ئوخشاش مەزگىلدىكى خوتەن ناھىيەلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارىنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «تەھلىل» يۈرگۈزۈپ، شۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «(ناھىيەمىزدىكى) كىشىلەرنىڭ تەخمىنەن بەش پىرسەنت جاھىل ئۇنسۇرلار، ئون بەش پىرسەنتى قولللىغۇچىلار، سەكسەن پىرسەنتى (ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان) قارا قورساقلاردۇر» (9). زېنزنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ خىل پىرسەنتلەشتۈرۈش مەنتىقىسىنىڭ ئۆزىلا (ئۇيغۇرلارنى قارىقويۇق نىشانغا ئالىدىغان) بىئوپولىتىكىلىق ئىستراتېگىيەنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، مەزكۇر ئىستراتېگىيەگە كۆرە، «ئاشقۇنلۇق»تىن ئىبارەت ئاتالمىش يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ باشقىلارغىمۇ يۇقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەلقنىڭ بىر قىسمىنى «داۋالاش» ۋە/ياكى «ئايرىۋېتىش» كېرەك ئىدى (10). ئاخىرىدا، ئاممىۋى ساغلاملىقتىن ئىلھام ئالغان بۇ مەنتىقە ئۇيغۇر كىملىكىنى نىشانلاش ئارقىلىق، بارلىق ئۇيغۇرلارنى «ۋاكسىنلاش» كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شۇڭلاشقا، 2014 - يىلىغا كەلگەندە، بىز بۈگۈن شاھىت بولۇۋاتقان ئۇيغۇر كىملىكىنى سىستېمىلىق ۋەيران قىلىش ئۇرۇنۇشىنى باشلاش ئۈچۈن، مەزكۇر مەنتىقە شەكىللىنىپ بولغان ۋە بارلىق زۆرۈر تەرتىپلەر ھازىرلانغانىدى. (بۇ ۋاقىتتا) كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش ۋە ساداقەتمەنلىكنى باھالاش سىستېمىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتاتتى، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە ئىدىيەۋى ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى سىناق قىلىنىۋاتاتتى، «ئاشقۇنلۇق» ۋە «تېرورلۇق» قا قارشى تۇرۇش نامىدا ئۇيغۇر كۈلتۈرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بىئوپولىتىكىلىق مەنتىقە ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇ پەقەت خىتاينى ئۇيغۇرلارنى ئىختىيارىي ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا كۆندۈرۈش ئۇرۇنۇشىدىن قەتئىي ۋاز كەچتۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە (ئەمەلىيەتتە باھانىگە، ت) ۋە بۇ سىستېمىنى ئەمەلىي يولغا قويالىغۇدەك، قاتتىق قول سىياسىي رەھبەرگە موھتاج ئىدى. 2016 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 -

كۈنى ئۇيغۇر رايونىدا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان چېن چۈەنگو بۇ ئىشقا دەل ماس كېلەتتى، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىغا ۋە خىتاينىڭ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىگە تېز پۇكۈشىگە ئىشىنىشتىن ناھايىتى تېزلا ۋاز كەچكەندەك قىلاتتى. ئۇيغۇر كىملىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلگىرىكى تەرتىپلەرنى نەزەردە تۇتقاندا، چېن چۈەنگونى ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ پىلانلىغۇچىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەزكۇر قىرغىنچىلىقنىڭ ئىجراچىسىغا ئايلانغانلىقى شەكسىز.

## ئىجراچى چېن چۈەنگو

چېن چۈەنگو 2011 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە «تىبەت ئاپتونوم رايونى»نىڭ پارتىيە سېكرېتارى بولغان مەزگىللەردە داڭق چىقارغان، شۇنداقلا بۇ مەزگىلدە تىبەتنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. گەرچە بۇ رايون (يەنى تىبەت)نىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش تارىخى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە تىبەتلەرنىڭ ئېتىرازلىرىنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىنىشىنى كۆرۈنەرلىك چەكلىيەلىگەنىدى (11). چېن چۈەنگونىڭ «تىبەت ئاپتونوم رايونى»دىكى نارازىلىقنى باستۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە كۆرە، شەھەر رايونىدا ھەر 500 مېتىردا بىردىن «قولايلىق ساقچى پونكىتى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ پونكىتلار شەھەرنىڭ غايەت زور كۆزىتىش كامېراسى تورىغا ئۇلانغانىدى (12). دائىرىلەر شەھەر رايونلىرىنى قاپلىغان بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە ساقچىلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى «مۇقىملىقنى قوغداش» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «تورسىمان ئىجتىمائىي باشقۇرۇش» دەپ ئاتىغانىدى (13). شى جىنپىڭنىڭ 2016 ـ يىلى ئۇيغۇر رايونىدا «مۇقىملىقنى ساقلاش»نى تەكىتلىگەنلىكى ۋە چېن چۈەنگونىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نەزىرىدىكى يەنە بىر «چاتاق بار ئاز سانلىق مىللەت رايونى»دا ئىشلەش تەجرىبىسىنى نەزەردە تۇتقاندا، 2016 ـ يىلى يازدا جاڭ چۈنشيەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغاندا، چېن چۈەنگو شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەنتىقىلىق نامزات ئىدى.

چېن چۈەنگونىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كېلىشى ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» ھېكايىسىنى كونكرېتلاشتۇرغان يەنە بىر ۋەقەگە توغرا كەلدى. 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، چېن چۈەنگو ئۇيغۇر رايونىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغان كۈننىڭ ئەتىسى، بىر ئۇيغۇرنىڭ قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا «ئادەمبومبا» ھۇجۇمى قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنىدى (14). ھالبۇكى، بۇ ۋەقەنى

چۈرۈدىگەن تەپسىلاتلار گۇمانلىق بولۇپ، كىشىگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ بىشكەكتىكى باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئاتالمىش سۈيىقەستىنى ئەسلىتەتتى. بىر ھەپتە ئىچىدە، قىرغىزىستان دائىرىلىرى بۇ ھۇجۇمنىڭ تاجىكىستان پاسپورتى بار نامەلۇم ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا سۇرىيەدىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە «نۇسرا فرونتى»نىڭ ئۇنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما ھۇجۇمغا چېتىشلىق دەپ قولغا ئېلىنغان بەش كىشى بىردەك قىرغىزىستان پۇقراسى ئىدى (15). ئۇنىڭدىن سىرت، ھۇجۇمنى قوزغىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۇيغۇرنىڭ سالاھىيىتىنى ھېچكىم ئېنىقلىمىدى؛ «نۇسرا فرونتى»نىڭ سۇرىيەنىڭ سىرتىدا ھۇجۇم قوزغاپ باققانلىقى نامەلۇم؛ شۇنداقلا، ھۇجۇمغا چېتىشلىق دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنغان قىرغىزىستانلىقلارنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەزكۇر ھەرىكەت توغرىسىدا ھەرقانداق مەلۇماتى بارلىقمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانىدى (16). خىتاينىڭ بىشكەكتىكى باش ئەلچىخانىسىغا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ ئارقىسىدا كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» ھەققىدە تېخىمۇ بەك داۋراڭ سالدى. خىتاي دائىرىلىرى بۇ ھۇجۇمغا قارىتا، تەسەۋۋۇردىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئەيىبلەپ، بۇ تەشكىلاتتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا «قەتئىي زەربە بېرىدىغانلىقى» توغرىسىدا تەھدىت سالدى (17).

بۇ پائالىيەتلەر چىن چۆەنگونىڭ پارتىيە رەھبىرى بولغان تۇنجى يىلى ئۇيغۇر دىيارىدا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش پىلانىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. چىن چۆەنگو 2016 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر رايونىغا قاراتقان سىياسەت كۆنتەرتىپى توغرىسىدا توختالغاندا، «مۇقىملىقنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى «ئۈچ خىل كۈچ»نى يوقىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىشقا چاقىردى (18). چىن چۆەنگو ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى يىلىلا بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا 100 مىڭ 680 گە يېقىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى 2009 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ـــ خىتايدىكى ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق زوراۋانلىقنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ـــ بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا قوبۇل قىلغان يىللىق ئوتتۇرىچە خىزمەتچى سانىنىڭ 13 ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى (19). ئۇ يەنە تېبەتتە قوللانغان ئەندىزىسىگە ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدىكى شەھەرلەردە تەخمىنەن 7300 «قولايلىق ساقچى پونكىتى» تەسىس قىلدى (20). شۇنىسى ئېنىقكى، چىن چۆەنگو ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى مەزكۇر رايوندا مىسلى كۆرۈلمىگەن ساقچى دۆلىتى قۇرۇشتىن باشلىدى.

چىن چۆەنگونىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا كەڭ كۆلەمدە خىزمەتچى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تېبەتتە قىلغىنىدەك مىڭلىغان «قولايلىق ساقچى پونكىتى» قۇرغانلىقى چىن چۆەنگونىڭ بۇ رايوندىكى ئەسلىدىنلا كۈچلۈك بولغان بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا قوشقان دەسلەپكى «تۆھپىسى» بولسا، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇت بىخەتەرلىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئېلېكترونلۇق نازارەت

قىلىش جەھەتتە ئەھۋال ئېنىقمۇ شۇنداق بولۇپ، چېن چۈەنگو بۇلارنى (يەنى ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى) ناھايىتى تېزلا ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە باشلىدى. گەرچە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، خىتاي دائىرىلىرى 2014 - يىلى «خىتاي ئېلېكترون تېخنىكا گۇرۇھى» بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بولغۇسى «تېرورچىلار»نى زوراۋانلىق سادىر قىلىشتىن ئىلگىرىلا پەرقلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان غايەت زور ساندان قۇرۇش ئۈچۈن توختام ئىمزالاشقان بولسىمۇ، ئەمما چېن چۈەنگو قارىماققا مەزكۇر سىستېمىغا سانلىق مەلۇماتلارنى قوشۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئاممىۋى ئىجتىمائىي باھالاش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق، مەزكۇر ساندانىنى رايوندا كەڭ كۆلەمدە قوللانغان تۇنجى سىياسىي رەھبەردەك قىلاتتى.

2015 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماقۇللانغان «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» خىتايىنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە بانكا ھېساباتى، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتى، خىزمەت تارىخى ۋە ساياھەت تارىخى قاتارلىق ھەر خىل ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشنىڭ قانۇنىي يوللىرى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ھالبۇكى، چېن چۈەنگونىڭ رەھبەرلىكىدە، خىتاي دائىرىلىرى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر يۈرۈش بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى مەۋجۇت ساندانغا كىرگۈزدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ رايوندا نەق مەيدان تەكشۈرۈۋاتقان دەرىن بايلېرنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، 2016 - يىلى ئۇيغۇرلارغا قارىتا تۈرلۈك ئۇسۇللاردا خىلمۇخىل «ھەقسىز» سالامەتلىك تەكشۈرۈشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ DNA، بارماق ئىزى، ئاۋاز ئۆرنىكى ۋە يۈز سكانېرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىشى تەلەپ قىلىنغان، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر سىستېمىغا كىرگۈزۈلگەن (21). دەرىن بايلېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا رايوندىكى 21 مىليون 800 مىڭ نوپۇستىن 18 مىليون 800 مىڭ ئادەمنىڭ مۇشۇ خىل سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ توپلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (22). 2016 - يىلى 12 - ئايدا، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) رايونلۇق ھۆكۈمەت يېڭى ئىنتېرنېت بەلگىلىمىلىرىنى ماقۇللىدى. مەزكۇر بەلگىلىمىلەر خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىنتېرنېتتا يوللىغان بارلىق مەزمۇنلارنى «قانۇنلۇق» نازارەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، چېن چۈەنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتېرنېت تارىخىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىپ، «ئىدىيە خاھىشى» ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى قېزىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى، بۇ سانلىق مەلۇماتلارمۇ مەزكۇر ساندانغا كىرگۈزۈلدى. خىتاي دۆلىتى بۇ خىزمەتكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يەنە نازارەت قىلىنىشتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان VPN (مەۋھۇم خۇسۇسىي تور) ئىشلىتىشنىمۇ جىنايەت دەپ بېكىتىپ، بۇ خىل پروگراممىلارنى «تېرورلۇق يۇمشاق دېتالى» دەپ ئاتىدى (24).

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) 2018 - يىللىق دوكلاتىدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان چوڭ سانلىق مەلۇمات توپلاش، كۆزىتىش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزكۇر پروگراما ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، دوكلاتتا مەزكۇر سىستېمىنىڭ رەسمىي ئىسمىنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» (IJOP — 一体化联合作战平台) ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان (25). كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»نىڭ قوشۇمچە ئۇچۇرلىرى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى — بولۇپمۇ يېزىلاردىكى — قەرەللىك زىيارەت قىلىشقا ۋە ئائىلە ئەزالىرىدىن

ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، «ئىدىيىۋى ئەھۋالى» ۋە قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلارنى سوراشقا ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ تېلېفونىدىكى كۆچمە ئەپلەر ئارقىلىق توپلىناتتى (26). قىسقىسى، خىتاي ھەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ھەم كۆپ، ھەم سۈپەتلىك سانلىق مەلۇمات توپلىغان ۋە بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى شۇ كىشىلەرنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» ساندانىدىكى ئارخىپىغا كىرگۈزگەن.

ھالبۇكى، مەزكۇر ساندان ئۈچۈن توپلانغان قوشۇمچە سانلىق مەلۇماتلاردىنمۇ مۇھىم بولغىنى، چېن چۈەنگونىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»نى ئىجتىمائىي كونترول قورالى سۈپىتىدە، ھەتتا ئۇيغۇر رايونىدىكى (نوقۇل ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان) بىئوپولىتىكىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىدۇر. چېن چۈەنگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، خىتاي دائىرىلىرى «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» ئارقىلىق ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ «بىخەتەرلىك» دەرىجىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر خىل پارامېتىرلار ئارقىلىق باھالاپ، شۇ ئارقىلىق باھالانغۇچىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن. جېيمىس لېيبولدنىڭ (James Leibold) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ سىستېما پۇقرالارنى «نورمال» ۋە شۇ ۋەجىدىن ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغانلار، شۇنداقلا ئوي ـ خىيالى ياكى ھەرىكىتى «ئازغۇن» ياكى «بىنورمال» بولغانلار دەپ تۈرگە ئايرىغان (27). گەرچە «نورمال» بولۇشقا بەل باغلىغانلارنىڭ تۇرمۇشنى ـــ ئۆزلۈكسىز نازارەت ئاستىدا ـــ داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما «ئازغۇن» ياكى «بىنورمال» دەپ قالپاق كىيگۈزۈلگەنلەر سوراق قىلىنىش، تۇتۇپ تۇرۇلۇش، تۈرمىگە سولىنىش ياكى كەڭ كۆلەملىك سىياسىي قايتا تەربىيەلىنىشكە دۇچ كېلىشى مۇمكىن ئىدى (28). گەرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى خېلى ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلارنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش ۋە باھالاش ئۈچۈن بۇ قورallarنى (يەنى يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت سىستېمىلىرىنى) بەرپا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما چېن چۈەنگو ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بۇ قوراللار ئاندىن خەلقنى (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك) ئېنىق تۈرگە ئايرىشقا ۋە «قارشى ئېلىنمايدىغان كىشىلەر»گە زەربە بېرىشكە ئىشلىتىلگەن.


چېن چۈەنگو كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ۋە بۇ رايوندىكى ساقچى قوشۇنىنى زورايتىش ئارقىلىق بۇ كەڭ كۆلەملىك مۇجادىلىنى باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بۇ رايوندىكى زوراۋانلىق تەلتۆكۈس توختىمىغانىدى. گەرچە 2016 ـ يىلىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇيغۇر دىيارىدا زور زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەر يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قارىماققا سىياسىي غەرەزلىك ۋە ئالدىن پىلانلانغاندەك كۆرۈنىدىغان زوراۋانلىق ۋەقەسى سادىر قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. ئېيتىلىشىچە، خوتەن شەھىرىگە يېقىن قاراقاش ناھىيەسىدە، بىر توپ ئۇيغۇر يۈك ماشىنىسىنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ھويلىسىغا ھەيدەپ كىرىپ پارتلىتىپ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن (29). دائىرىلەر بۇ ۋەقەنى «تېرورلۇق ھۇجۇمى» دەپ جاكارلىغان ۋە ۋەقەنى سادىر قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۆت ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋەتكەن (30).

بۇ 2016 ـ يىلى ئۇيغۇر رايونىدا يۈز بەرگەن تۈنجى زور زوراۋانلىق ۋەقەسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاي دائىرىلىرى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» تىرىشچانلىقىنىڭ ئۆرنىكى دەپ تەرىپلىگەن بىر يىلنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەستىن، يەنى 2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خوتەن بىلەن يەكەننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان گۇما ناھىيەسىدە يەنە بىر ھۇجۇم يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچ ئۇيغۇر گۇما رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىغا يېقىن ئولتۇراق رايونغا كىرىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئادەمنى ئۆلتۈرگەن (31). مۆلچەرلەنگىنىدەك، خىتاي دائىرىلىرى ھۇجۇم قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى قامال قىلغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن، كوچىدا ھەر 10 ~ 20 مېتىردا بىردىن ساقچى ۋە ئامانلىق ساقلىغۇچى تۇرغان (32). گۇمادىكى ئاتالمىش ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى زوراۋانلىق ۋەقەسى بولۇپ، دائىرىلەر ئۇنى «تېرورلۇق ھۇجۇمى» دەپ بېكىتكەن. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى زوراۋان تېرورلۇقنى باشلىغان بولۇپ، خىتاي دۆلىتى سادىر قىلغان بۇ تېرورلۇقنىڭ سالمىقى ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان بارلىق زوراۋان قىلمىشلارنىڭ جۇغلانمىسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.



# كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر خەتتات

# ئابدۇرېھىم ئىمىن

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

2020-يىلى رامىزان ھارپىسىدا پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز كەبىنى زىننەتلەش ئورگىنى (2017-يىلى پادىشاھ سالماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن نامىنى مەزكۇر ئىسىمغا ئۆزگەرتكەن) مەككىلىك داڭلىق ھۆسنخەت يازغۇچىسى ئابدۇرېھىم ئىمىن بۇخارىنىڭ ھاياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە تەسىرى ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئىش-ئىزلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى.

دوكلاتتا ئۇنىڭ ھەرەمدىكى كەبىنىڭ ئالتۇن يوپۇقى ۋە ئالتۇن ئىشىكىگە ئويۇلغان نەپىس خەت نۇسخىلىرىنىڭ بىر قوللۇق لايىھەلىگۈچىسى ۋە يازغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن سىرت، ھازىرغىچە بۇ قۇتلۇق خىزمەتكە قاتناشقان يېشى ئەڭ چوڭ ئىشچى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بۇ خىزمەتنى دۆلەتنى قۇرغۇچى پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئال سەئۇد (1876-1953) دەۋرىدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يېشى ئەڭ چوڭ تۆھپىكار ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. ئۇنداقتا كەبىنى زىننەتلەش ۋە ياساندۇرۇش ئەنئەنىسى قاچان باشلانغان؟ بۇ خىزمەت قاچاندىن باشلاپ سەئۇد جەمەتىنىڭ يەلكىسىگە چۈشكەن؟

## 1. تارىختا «ئىككى ھەرەمنىڭ سادىق خىزمەتكارى» دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە كەبىنى ياساندۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى:

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مىسىر فەتھى قىلىنغاندىن بۇيان، مىسىر ھەر يىلى ئەڭ قىممەتلىك توقۇلمىلارنى ھىجازغا يوللاپ، ھەر يىلى كەبىگە ياپىدىغان يوپۇقلارنى ئۇدا تەمىنلەپ كەلگەن ئىدى. بىراق 969-يىلى فاتىمىلارنىڭ مىسىرنى ئىشغال قىلىۋېلىشى ۋە 1098-يىلى ئەھلىسەلىپ قوشۇنىنىڭ قۇددۇسنى ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن كېيىن، مىسىردىن كېلىدىغان كارۋان يولى پالەچلىنىپ، بۇ خىل يوپۇق بىلەن تەمىنلەش ئەنئەنىسى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان. 1187-يىلى 4-ئىيۇن، سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى ئەھلىسەلىپنى مەغلۇپ قىلىپ، شۇ يىلى ئۆكتەبىردە قۇددۇسنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ چاغدا مىسىر ئاللىبۇرۇن ئابباسىيلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭغا «ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. شۇندىن بېرى مىسىر ئىزچىل كەبىنى ئەلا سۈپەتلىك يوپۇق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. ھەر يىلى رامىزاندىن بۇرۇن كەبىنىڭ يوپۇقى تولۇق ئالماشتۇرۇلغان. كونا يوپۇقنى پارچىلاپ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش

ئادىتمۇ ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. تولىمۇ ئەپسۇس، 1925 ـ يىلدىكى «مەخمەل ۋەقەسى»دىن كېيىن، مىسىر كەبىنى يوپۇق بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقان.

1925 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە، «مەخمەل» كارۋىنىدىكى ھاجىلار ۋە كارۋان بىخەتەرلىك قىسمىلىرى پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار دىندارلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇلار مەزكۇر كارۋاندا مۇزىكا بولغانلىقى، مۇزىكا ئاڭلاش ھارام بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەدەپلەش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، مىسىر بىلەن بولغان بەزى مۇھىم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلىغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە، مىسىر پادىشاھى فۇئاد بىرىنچى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى ئابدۇلئەزىز ئوتتۇرىسىدا ئىسلام دۇنياسىغا لىدىر بولۇش ئۈچۈن ئەرەبلەرگە يېگانە رەھبەر بولۇش ۋە مۇقەددەس ئورۇنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتە رىقابەت بولغاندىن سىرت، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر ئىككى پادىشاھ پۇل ئارقىلىق كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئارقىلىق، نوپۇزىنى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. دىنىي جەھەتتە مىسىر بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئىككى خىل چوڭ قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئىدىيۋى توقۇنۇشلار ۋە سۈركىلىشلەردىن ھەر ئىككى پادىشاھ ئورتاق پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئىدى. ئەنە شۇ ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، پادىشاھ بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ، مىسىرنىڭ ملڭ يىلدىن ئارتۇق يوپۇق بىلەن تەمىنلەش ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، 1927 ـ يىلدىن باشلاپلا ئۆز ئالدىغا يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش كويىغا چۈشتى. نەتىجىدە، ھازىرقى يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا ئاساس سېلىنغان بولدى.

### 2. كەبىنى زىننەتلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان تۇنجى زاۋۇت ۋە باشقۇرۇش ئورگىنى:

پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇراخمان ئەل سەئۇد 1346 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەيخ ئابدۇراخمان مۇزھىرھۇسەيىن ئەنسارىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 1346 ـ يىلى (مىلادىيە 1927 ـ 1928 ـ يىللىرى ) كەبىنىڭ يوپۇقىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئالاھىدە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1928 ـ يىلى ئۇلى سېلىنغان مەزكۇر زاۋۇت تەدرىجىي زامانىۋىلاشتۇرۇلۇپ ھازىرقى ئىلغار ھالەتكە يېتىپ كەلگىچە كەبىنىڭ يوپۇقىنى ياساش خىزمىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھىجرىيە 1397 ـ يىلى (مىلادىيە 1977 ـ يىلى) مەككىنىڭ ئۇممۇل جۇد رايونىدا بۇ زاۋۇت يېڭىچە زامانىۋى شەكىلدە رەسمىي قەدكۆتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق ۋە ئەڭ يېڭى ئاپتوماتىك توقۇمىچىلىق ئۈچۈن زامانىۋى ماشىنا بىلەن تەمىنلەندى. ئەمما قولدا توقۇلغان ئەنئەنىۋى يېپەك يوپۇقنىڭ سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، قولدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قىسمەن ساقلاپ قېلىندى. نەتىجىدە مەزكۇر شەرەپلىك خىزمەت بىر ئۇيغۇر ئوغلىغا تاپشۇرۇلدى.

مەزكۇر زاۋۇتتا بىر قانچە بۆلۈم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بەلۋاغ بۆلۈمى، يوپۇق تىكىش بۆلۈمى، بوياقچىلىق بۆلۈمى، باسما بۆلۈمى، ئاپتوماتىك توقۇش بۆلۈمى، قولدا توقۇش بۆلۈمى ۋە

ئالاھىدە تەجرىبىخانا بولۇمىدىن ئىبارەت. بۇ زاۋۇتتا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئىككى يۈزدىن لاياقەتلىك ۋە ئىلغار تەربىيەلەنگەن قابىل ئۇستىلار ئۆمۈر بويى ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئادەتتە بىر قېتىملىق يوپۇقنى پۈتتۈرۈش ۋاقتى تەخمىنەن 10 ئاي بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك مېتاللارنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، ھەر يىلى كەبىگە يوپۇق يېپىش ۋە ياساندۇرۇشقا تەخمىنەن 20 مىليون رىيال (تەخمىنەن 5 مىليون 334 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) كېتىدۇ.

### 3. كەبىنىڭ يوپۇقى ۋە ئالتۇن ئىشىكگە نامى پۈتۈلگەن ئۇيغۇر ئوغلى:

«بۇخارى» نامىنى تەۋەلىك نامى قىلىپ ئىشلەتكەن ئابدۇرېھىم ئەمىن ئابدۇللاھ مەككىدە ئابدۇرېھىم ئىمىن نامى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇ 1917 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلۇپ، 1998 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ كەبىنىڭ يوپۇقىدىكى ھۆسنخەتلەرنىڭ ئىجادىي يازغۇچىسى ۋە كەبىنىڭ ئالتۇن ئىشىكىدىكى ھۆسنخەتنىڭ يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تا ھازىرغىچە ئاشۇ ئالتۇن ئىشىكتە نامايەن بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇ ھىجرىيە 1346 ـ يىلى قۇرۇلغان تۇنجى يوپۇق زاۋۇتى بولغان «دارۇل كىسۋا»دا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئىشلەپ كەلگەن. نەتىجىدە ئۇ پادىشاھ ئابدۇلئەزىز دەۋرىدىن بۇيانقى ئەڭ پېشقەدەم ئىشچى بولۇپ قالغان. ئۇ ھىجرىيە 1350 ـ يىلى (مىلادىيە 1932 ـ يىلى) مەزكۇر زاۋۇتنىڭ تېخنىكا باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن بولسا، ھىجرىيە 1382 ـ يىلى (مىلادىيە 1962 ـ يىلى ) دىن باشلاپ تاكى 1399 ـ يىلى (مىلادىيە 1979 ـ يىلى) پېنسىيەگە چىققۇچە زاۋۇتنىڭ ۋاكالەتچىسى بولغان. 1979 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ «زاۋۇتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى» نامىدىكى يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان بايرىقى ئۈچۈن بىر قوللۇق لايىھەلەش ۋە بېزەش خىزمەتلىرىنىمۇ قوشۇمچە قىلغان. يەنى ئۇ خىزمەت جەريانىدا پادىشاھ ئابدۇل ئەزىزنىڭ مىلادىيە 1943 ـ يىلى بۇيرۇتۇپ ياساتقان كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ سىزىقلىرى ۋە بېزەكلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق لايىھىلەپلا قالماستىن، بەلكى سەئۇدى ئەرەبىستان بايرىقىنىڭ سىزىقلىرى ۋە بېزەكلىرىنىمۇ بىر قوللۇق لايىھىلەپ ۋە بېكىتىپ بەرگەن.

شۇنداق قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ خاس بۇيرۇقى بويىچە كەئبە ۋە ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ بېزەكلىرى ۋە ھۆسنخەت شەكلىنى بىر قوللۇق يېزىپ بېكىتكەن ئۇيغۇر ئوغلى ھىجرىيە 1399 ـ يىلى (مىلادىيە 1979 ـ يىلى) پادىشاھ خالىد ئىبنى ئابدۇل ئەزىز كەئبە ئۈچۈن يېڭى ئالتۇن ئىشىك ياساشنى بۇيرۇغان چاغدا، ئالتۇن ئىشىكنىڭ بېزەكلىرى ۋە قولىيازما ئۈچۈرلىرىنى سۇلۇس خەت شەكلى ( يەنى ئەرەبچە ھۆسنخەت شەكىللىرىدىن بىرى ) بويىچە ئۆتتۇقلۇق ئىشلەپ چىقتى. بۇ شاھانە خىزمىتى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنىڭ قانداق تەلىپى بارلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆز ئىسمىنى پادىشاھنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈشنى

تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىسمى تا ھازىرغىچە كەبىنىڭ يوپۇقى ۋە ئالتۇن ئىشىكىدە نامايەن بولۇپ تۇرماقتا.

### بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

**1. شەجەرىددۇر:**

كېلىپ چىقىشى خارەزىم خان جەمەتىگە تەئەللۇق بولغان قىز شەجەرىددۇر سۇلتان نەجمىدىن تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان قۇل بولۇپ، سۇلتان نەجمىدىن **1239** ـ يىلى كەرەك قەلئەسىدە نەزەربەنت قىلىنغاندا، شەجەرىددۇر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان. ئۇ **1240** ـ يىلى **22** ـ ئىيۇن مىسىردا سۇلتان بولغاندىن كېيىن، سۇلتان قەيەرگە ئەسكەر تارتسا، ئورنىغا خاتۇنى شەجەرىددۇرنى نائىب قىلىپ قوياتتى. مۇشۇ دانالىق ئاخىرىدا مىسىرنىڭ **1249** ـ يىلى ئەھلى سەلىپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شەجەرىددۇر **7** ـ قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، لۇئىسنى ئەسىر ئالدى. لۇئىس ئۇنىڭدىن ساق قۇتۇلۇپ قايتىپ كېلىپ، خۇداغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ھازىرقى بۇۋۋى مەريەم چېركاۋىنى سالدۇرغان ئىدى. تۇرانشاھ قازا قىلغاندىن كېيىن، **1250** ـ يىلى **5** ـ ماي، مەملۇكىلار خاتۇن سۇلتانغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنى ئەييۇبىلار شاھى قىلىپ تىكلىگەن. قىسقىغىنا **84** كۈنلۈك ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە خاتۇن سۇلتان ئۆز نامىغا پۇل قۇيدۇرغان. بىراق باغدات خەلىپىسى بىلەن شامدىكى ئەييۇبىلار ئۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغان. ھەتتا خەلىپە: «ئەگەر ھاكىمىيەت تۇتىدىغان ئەر كىشى قالمىغان بولسا، مىسىرغا باغداتتىن ئەر ئەۋەتىپ بېرەيلى!» دەپ بېسىم قىلغان. نەتىجىدە خاتۇن سۇلتان قوماندانلىرىدىن بىرىگە ياتلىق بولۇپ، ئۆزى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ دۆلەتنى باشقۇرغان. **1250** ـ يىلى **28** ـ ئىيۇل ئۇنىڭ ئېرى ئىززىددىن ئايبېك سۇلتان بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتكە قارشى ئۆكتىچىلەر بېسىقىپ قالغان. بىراق ئايال پادىشاھ تېزلا ئېرىنى تىزگىنلەپ، خۇددى بۇرۇنقى قابىل ئاقساقاللارغا ئوخشاش پەردە ئارقىسىدىن ھاكىمىيەتنى باشقۇردى. تارىخشۇناس «تەگرى بەردى، خۇدابەردى» نىڭ ئېيتىشىچە: «مەزكۇر ئايال پادىشاھ ھەتتا ئېرىنىڭ بارلىق ھالەتلىرىنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، ئېرى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز نە بىر ئېغىز گەپ، نە ئۆزى چاغلاپ بىر ئىش قىلالمايتتى. باشقا خوتۇنلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەيتتى. ھەممە ئىش خانىم پادىشاھ تەرىپىدىن يۈرۈشتۈرۈلەتتى»...

بىراق كېيىنچە ئايبېك ھىلاكۇنىڭ قۇدىسى بولغان موسۇل ۋالىيسى بەدرىددىننىڭ ئامراق قىزى بىلەن توي قىلماقچى بولغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن خانىم پادىشاھ ئېرىنى بىر ئامالLAR بىلەن قاھىرەگە ئالداپ ئەكېلىپ، **1257** ـ يىلى **11** ـ ئاپرېل سالاھىددىن قەلئەسىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما بۇ قېتىم ئېرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېرىنىڭ باشقا كۈندەش خوتۇنلىرى بىراقلا بىرلىشىپ، قەلئەدە خانىم پادىشاھنى تۇتقۇن قىلغان. ئاندىن كېيىن كېنىزەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق ئۇرغۇزۇپ، ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان. ئۆلارنىڭ نەچچە كۈن

توختىماي ئېغىر تاياق سىلىشى نەتىجىسىدە 1257 ـ يىلى 3 ـ ماي تۈنجى ئايال سۇلتان شەجەرىددۇر ئېغىر يارىلىنىپ قازا قىلغان.

داڭلىق مىسىرلىق تارىخشۇناس «تەڭرى بەردى ئوغلى» (1410 ـ 1470) خارەزىم قىزى شەجەرىددۇرغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە باشقۇرۇشقا قابىل ئايال ئىدى. كىشىلەر قەلبىدە بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئورنى بار ئىدى. ئۇ ئاياللارئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىدى......»

باشقا مەملۇكىيلار تارىخچىلىرىمۇ ئايال پادىشاھنىڭ پائالىيەتلىرىگە مەدھىيەلەر ئوقۇپ كەلگەن. مۇشۇ مەدھىيەلەرلا بۇ ئۈنتۈلۈپ كەتكەن ئۇيغۇر سەركىسىنىڭ ئوبرازىنى بىلىشتە ھەقىقىي پاكىت ۋە ئىسپات بولالايدۇ. شەجەرىددۇر سۇلتاننىڭ ھالقىلىق تارىخىي پەيتلەردىكى دانالىقى ۋە كەسكىنلىكى خۇددى ئىپارخانغا ئوخشىسا، مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى قاتتىق قوللۇقى ۋە قۇۋ دۈشمەنلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى خۇددى ئەجدادى تۈركان خاتۇنغا ئوخشايدۇ.

## 2. يەتتىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى:

1244 ـ يىلى 12 ـ نويابىر، ئەييۇبىلارنىڭ ئەھلى سەلىپنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىشىدىن كېيىنلا، 1245 ـ يىلى پاپانىڭ چاقىرىقى بىلەن ياۋروپا چەۋاندازلىرى قايتا قوشۇن تەشكىللەپ، فرانسىيە پادىشاھى لۇئىس 9 ـ نىڭ قوماندانلىقىدا 7 ـ قېتىملىق ئەسلى سەلىپ يۈرۈشىنى باشلاپ، 1248 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست فرانسىيەدىن كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، سىپرۇسقا قاراپ ئاتلانغان. ئۇلار 1249 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇن شەنبە تاڭ سەھەردە مىسىرنىڭ «دۇمىيات ئۆلكىسى» دە تۇيۇقسىز قۇرۇقلۇققا چىققان. 1249 ـ يىلى ئاپرېلدا سۇلتان نەجمىدىن بىرلا ۋاقىتتا مىسىردا نائىپلىق قىلىۋاتقان خاتۇنى شەجەدىددۇر ۋە ئىمپىراتور فېرىدېرىكنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، لۇئىسنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئەھلى سەلىپ قوشۇنى 1249 ـ يىلى 21 ـ نويابىر مەنسۇرەگە بېسىپ كىرگەندە شەجەرىددۇر ئېرىگە ۋاكالىتەن چوڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئېغىر كېسەل تارتقان سۇلتان نەجمىدىن، ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، 22 ـ نويابىر تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان. دانا خاتۇن دەرھال ئۈچ چوڭ قوماندانىنى چاقىرىپ، مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە سۇلتاننىڭ ۋاپاتىنى يوشۇرۇش توغرىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغان. خاتۇن ئېرى ئۆزىگە قالدۇرغان ئاق پەرمان قەغەزلىرىگە يارلىق يېزىپ، ۋاقىتلىق سۇلتان بولغان. بايبارس مەنسۇرەدە لۇئىسقا تۇزاق قۇرۇپ، ئۇتتۇقلۇق ھالدا ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. دانا ئايال پادىشاھ تېزدىن سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى تۇرانشاھقامەكتۇپ يوللاپ، دەرھال مىسىرغا كېلىپ، تەختكە چىقىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئارىدا 1250 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال يەنە بىر ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولغان. 17 ـ فېۋرال مىسىر قوشۇنى يەنە غەلىبە قىلغان. تۇرانشاھمۇ 27 ـ فېۋرال جەڭگاھقا يېتىپ كېلىپ، 28 ـ فېۋرال تەختكە چىققان. 1250 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل تۇرانشاھ ئەپچىل بىر ھەربىي تاكتىكا ئارقىلىق ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، لۇئىسنى ئەسىر ئالغان. تۇرانشاھ ئۆگەي ئانىسى شەجەرىددۇر بىلەن ئۆزىنى تەختكە چىقارغان غوللۇق

قوماندانلارغا قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقى ئاز دەپ، ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان. بۇنى سەزگەن شەجەرىددۇر پەلەستىنگە چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە مەملۇكلار قوشۇنى قوماندانلىرى 1250 ـ يىلى 2 ـ ماي كۈندۈزدە تۇرانشاھنىڭ ھەربىي چېدىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. تۇرانشاھ ئۆزىنى سۇغا ئاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالماي قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن مەملۇكلار شەجەرىددۇرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى سۇلتان قىلغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن سۇلتان لۇئىس بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، 800 مىڭ دىنارغا قويۇپ بېرىدىغان، لۇئىس بۇنىڭ يېرىمىنى قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، قالغان يېرىمىنى سۈرىيەدىن كېتىشتىن بۇرۇن تۆلەيدىغان بولغان.

### 3. مەخمەل ۋە مەخمەل ۋەقەسى:

مەخمەل ئەرەبچە «محمل» دېگەندىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «يۈك ئارتىلغان، يۈك ئارتىلغۇچى» دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ مەخسۇس كەبىگە يوپۇق ئېلىپ كەلگەن تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان كارۋاننىڭ نامىغا ئايلانغان.

«مەخمەل كارۋىنى» ئەمەلىيەتتە بىر توپ تۆگە كارۋىنى بولۇپ، ئەڭ ئالدىدا ئۈستىگە تەختىراۋان ئورنىتىلغان، ئىچىگە كەبىنىڭ يوپۇقلىرى قاچىلانغان تۆگىلەر ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ھاجىلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرى ئارتىلغان تۆگىلەر ماڭىدۇ. ئەڭ كەينىدە دۇمباق چېلىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغان سىپىي ـ ئىشانلار ماڭىدۇ. ئۇلارنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەر كارۋاننىڭ ئىككى تەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، تا مەككىگىچە كارۋاننى قوغدايدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان تەختىراۋانلار مىسىر تارىخىدىكى تۇنجى ئايال سۇلتان شەجەرىددۇرنىڭ كەشپىياتى ئىكەن. شۇڭا ئۇنى مىسىرلىقلار ھازىرمۇ «شەجەرىددۇرنىڭ تەختىراۋانى» دەپ قارىماقتا.

1925 ـ يىلى ھەج مەزگىلىدە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقە يۈز بەرگەن ۋە سەئۇدى جەمەتىمۇ بۇ ۋەقەدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مىسىرنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىۋاتقان ئىمتىيازىنى چەكلەش غەرىزىگە يەتكەن.



# چۈشكۈنلۈككە تەبىئىي ئۇسۇل بىلەن قارشى تۇرۇش

ئالېكس دىمىترىۋ

# بىسەم، تەشۋىش ۋە چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەبىئىي چارىلىرى

ئېكۋا ھاگان

**مۇھىم نۇقتىلار**

بەزى كىشىلەر روھىي جەھەتتىكى داۋالىنىشتا، ئوخشاشلا ئۈنۈملۈك بولغان قىلمىش خاراكتېرلىك پىلانلارنىڭ ئورنىغا، ئېھتىمۇ «ئاسان» بولغان دورا ئارقىلىق داۋالىنىشنى تاللايدۇ.

ئۈيقۇنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بىسەم، تەشۋىش ۋە چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى بارلىق تەبىئىي چارىلەرنىڭ يادروسىدۇر.

بىر تۇرلۇك يېڭى تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئوتتۇراھال سالماقتىكى «قىسقا مۇددەتلىك» چېنىقىشمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى چۈشكۈنلۈكنى تىزگىنلەشكە قارىتا خېلىلا ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

سۈپەتلىك ئۈيقۇ، قەرەللىك چېنىقىش، ساغلام يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش قاتارلىقلار ساغلاملىقنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇلار كىشىلەرنىڭ ـــ چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولغان-بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ـــ كەيپىياتىنى ياخشىلايدۇ. مەزكۇر ماقالە ھارغىنلىق، ئۈيقۇسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، تەشۋىش، بىسەم، روھىي بەرباتلىق، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان.

**بىخەتەرلىك بىرىنچى**

ئەگەر سىزدە چۈشكۈنلۈك ياكى تىت-تىتلىق دېگەندەك سىجىل داۋاملاشقان پىسخىكىلىق تەرتىپسىزلىك بار بولسا، شۇنداقلا ئۆزىڭىزدە خەۋپ تۇيغۇسى ياكى ئۆلۈۋېلىش خاھىشى بارلىقىنى ھېس قىلسىڭىز ھەردائىم دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ تۇرۇڭ ھەمدە دورىلىرىڭىزنى ئىشلىتىشنى توختىتىپ قويماڭ، شۇنداقلا ئۆز ئالدىڭىزغا دورا تۈرلىرىنى ئالماشتۇرماڭ. ئەگەر سىزدىكى ئالامەتلەر نورمال خىزمەت قىلىشىڭىزغا، ئۇيقۇڭىزغا ياكى ئارام ئېلىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتسە، چوقۇم كەسپىي دوختۇرلارغا كۆرۈنۈڭ.

### ھەرقانداق ئىشتا، سجىللىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر

مەن پىسخىكىلىق مەسىلىلەرنى داۋالاشتا دورىلارنىڭ ئورنىغا باشقا چارىلەرنى قوللىنىش ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ ۋە ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىمەكچىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر چېنىقىش ياكى تاماق مىقدارىنى ئازايتىش دېگەندەك مەلۇم بىر ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەمياد قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۇزۇنغا قالمايلا شۇ ئىشنى تاشلاپ قويىدۇ.

سجىل ۋە سەبىرچان بولۇڭ. قانداقلا چارىنى سىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى چوقۇم كۆنمۈكۈن، كەم دېگەندە بىر ئاي داۋاملاشتۇرۇڭ. بۇ تەدبىرلەرگە خۇددى دورىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ، يەنى دورا ئىچىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭىزدەك، بۇ تەدبىرلەرنىمۇ تۇرمۇشىڭىزغا تەدبىقلاشنى ئۇنۇتماڭ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى پىسخىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاخىرىدا يەنىلا دورىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. لېكىن، بۇ دورىلارنىڭ تەبىئىي چارىلەردىن تېخىمۇ بەك ئۈنۈملۈك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى دورا ئىچىشنىڭ (چېنىقىش، كىتاب ئوقۇش دېگەنگە ئوخشاش) تەبىئىي ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە، سجىل داۋاملاشتۇرۇلغان تەقدىردە، تەبىئىي چارىلەرمۇ دورىلارغا ئوخشاشلا ئۈنۈملۈكتۇر.

### كەيپىياتنى خاتىرىلەپ مېڭىش

ئىنساننىڭ كەيپىياتى تولا ھاللاردا ھازىر (يەنى مەۋجۇت پەيت)نىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ. ئەگەر بۈگۈن سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز تولىمۇ ناچار بولسا، سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ئەزەلدىنلا شۇنداق ناچاردەك ئويلىۋېلىش ئېھتىماللىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھەتتا، دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق كەيپىياتىنى ياخشىلىغان كىشىلەرمۇ «كەيپىياتىم ئەزەلدىن مۇشۇنداق ياخشى ئىدى» دەپ ئويلاشقا مايىل كېلىدۇ.

مەن بىمارلىرىمغا دائىم ـــ كەم دېگەندە مەلۇم بىر خىل داۋالاشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ـــ كەيپىياتىنى، بولۇپمۇ نېمىلەرگە ئىچى پۇشۇۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ ئىشلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى خاتىرىلەپ قويۇشنى تاپىلايمەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت داۋالانغاندىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھالەتنى ـــ بىمارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بايانى ئارقىلىق ـــ سېلىشتۇرۇشتۇر.

ئەگەر سىز ئەھۋالىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەدبىر ـــ مەيلى دورا ياكى تەبىئىي چارە بولسۇن ـــ قوللىنىۋاتقان بولسىڭىز، چوقۇم كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ قويۇڭ. شۇنداق قىلغاندا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنكى ئۆزگىرىشىڭىزنى ئۆز يازمىڭىز ئارقىلىق كۆرۈۋالالايسىز. كەيپىياتنى خاتىرىلەپ مېڭىش ئۆز ئەھۋالىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق رەۋىشتە ياخشىلاشنى ئارزۇلايدىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىرلەردىن بىرىدۇر.

## ئۇيقۇ

ئۇيقۇ مېڭىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەڭ پايدىلىق پائالىيەتتۇر. بىزنىڭ مېڭىمىز ئۇچۇرلارنى ساقلايدۇ، (سېروتونىن ۋە دوپامىنغا ئوخشاش) نېرۋا يەتكۈزگۈچ ئېلېمېنتلىرىنى (neurotransmitter) ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ، تۈرلۈك كەيپىياتلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بىز ئۇخلاۋاتقاندا ئېجادىي ھەل قىلىش چارىلىرىنى سىنايدۇ. ئۇيقۇ ياخشى بولسا، كىشىنىڭ ھاياجىنىنى كونترول قىلىشى شۇنچە ئاسانلىشىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر مەسىلىگە كىرىشىپ قېلىشتىن، كەيپىياتىنىڭ تۇيۇقسىزلا پەۋقۇلئاددە ناچارلىشىشىدىن، يېرىم كېچىگىچە سەلبىي خەۋەر كۆرۈشتىن (بۇ پسىخكىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەن كىشىلەردە يۈز بېرىدىغان، يېڭىدىن پەيدا بولغان بىنورمال ھالەت بولۇپ، پسىخولوگىيەدە «doomscrolling» ـــ «پالاكەت زىيارىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە، كىشى تېلېفون ياكى كومپيۇتېردا قاتىللىق، ئالدامچىلىق ۋەھاكازالارغا ئالاقىدار سەلبىي، ناچار خەۋەرلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي كۆرىدۇ، ت) ساقلىنىپ قالالايدۇ.

ئەگەر ئۇيقۇڭىز جايىدا بولمىسا، ھېچنەرسە ـــ دوختۇر يېزىپ بەرگەن دورىلارمۇ شۇنىڭ ئېچىدە ـــ سىزگە كار قىلمايدۇ. مەن (بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە) بىمارلىرىمغا دائىم: «ئەگەر ماشىنىڭىزدا ماي بولمىسا، ماي كىلاپانىغا دەسسىگەننىڭ پايدىسى يوق» دەيمەن. ھارغىنلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چۈشكۈنلۈككە ئايلىنىشى، تەشۋىشنى كۈچەيتىۋېتىشى، خاتىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ھاياجانغا بولغان كونتروللۇقنى ئاجىزلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

رېتىملىق ئۇخلاش ۋە ئويغىنىش ۋاقتى بەكمۇ زۆرۈر. كىشى سالقىن، قاراڭغۇ ھۇجرىدا ئۇخلاشتىن سىرت، كەم دېگەندە ئۇخلاشتىن بىر ـ ئىككى سائەت ئىلگىرى ئېكرانلارنى ئېتىۋېتىشى ۋە نېرۋىنى غىدىقلايدىغان باشقا بارلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. مەن بىمارلىرىمغا «كەچ سائەت ئوندا، كومپيۇتېر، تېلېفون ۋە باشقا بارلىق تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېتىۋېتىش»نى جېكىلەيمەن. ئەگەر سىز ئۇخلىيالمىسىڭىز، چىراغ سۇس يورۇتۇلغان ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ، ۋە ياكى كىتابنى Kindle) Kindle ـ ئامازون شىركىتى بازارغا سالغان كىتاب ئوقۇش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، ئېكرانىنىڭ كۆرۈنۈش جەھەتتە قەغەزگە يېقىنلىقى، كۆزنى خوراتمايدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان، ت) دا ئوقۇڭ.

ئەگەر يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتسىڭىز، ھۇجرىڭىزنىڭ سالقىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، چۈنكى سالقىن ھاۋا ئۇخلاشقا تېخىمۇ باب كېلىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جاي توغرىسىدا يىگىرمە مىنۇت خىيال قىلىڭ. يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىنمۇ ئۇخلىيالمىسىڭىز، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، سۇس چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇش دېگەندەك ئۆزىڭىزگە ئارامدىلىك بېغىشلايدىغان ئىشلارنى قىلىڭ. ئاندىن، ئۇيقۇڭىز كەلگەندە قايتىدىن

يېتىك. كارىۋاتتا ئۆيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئۆزىڭىزنى ئۇيقۇغا زورلىماڭ. شۇنداقلا، كېچىدە خىزمەت قىلىش ياكى خىزمەتكە ئالاقىدار ئېلخەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش دېگەندەك ئىشلار ئارقىلىق ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرمەڭ.

ئەگەر بەك بالدۇر ئويغىنىپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىزدە «ئۇيقۇ جەريانىدا تىنىقى ۋاقىتلىق توختاپ قېلىش» كېسەللىكىنىڭ (sleep apnea) ئالامىتى بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىڭ. بۇ خىل كېسەللىك زىيادە سېمىز كىشىلەردە ۋە كېچىك ۋاقىتتا چىشىغا (قالايمىقان چىشلارنى رەتلەش مەقسىتىدە) چىش سىمى بېكىتىلگەنلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. «ئۇيقۇ جەريانىدا تىنىقى ۋاقىتلىق توختاپ قېلىش» كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر يېتەرلىك مىقداردا ئۇخلىغان تەقدىردىمۇ، كېچىدە بىر قانچە قېتىم ئويغىنىپ كەتكەچكە، كۈندۈزى ئۇيقۇسى كېلىپلا تۇرىدۇ. ئۇخلاش جەريانىدا ئۇزۇن مۇددەت، ئۈنلۈك خورەك تارتىش ۋە تىنىقى ئۈزۈلۈپ قېلىش «ئۇيقۇ جەريانىدا تىنىقى ۋاقىتلىق توختاپ قېلىش» كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. نۆۋەتتە، نۇرغۇن ئەقلىيفون ئەپلىرى كىشىنىڭ ئۇيقۇ جەريانىدىكى نەپەس ئەھۋالىنى (خورەك تارتقان ـ تارتمىغانلىقىنى) خاتىرىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭا، بۇ جەھەتتە ئەر ـ ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ ئاتايىن كېچىچە ئۇخلىماي، ئۆز جورىسىنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق.

## چېنىقىش

بىزنىڭ ئۇللۇق بەدەن فۇنكسىيەلىرىمىز كېچىسى ياخشى ئۇخلاشنىلا ئەمەس، كۈندۈزى يېتەرلىك مىقداردا ھەرىكەت قىلىشنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. ئىنسان بەدىنى كۈنبويى ئۈستەل ئالدىدا ياكى كرېسلودا ئولتۇرىدىغان قىلىپ يارىتىلغان ئەمەس.

2018 ـ يىلى «نېرۋىنى تىرىلدۈرۈش تەتقىقاتى» (Neural Regeneration Research) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، بىر كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىنى ئۆرە تۇرغان ياكى ھەرىكەت قىلغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈش، ئەڭ ياخشىسى ھەپتىنىڭ كۆپىنچە كۈنلىرىدە چېنىقىش، بېسىمنى تۆۋەنلىتىشكە ھەمدە مېڭىنىڭ يېڭى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق ئىكەن. شۇنداقلا، تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، چېنىقىش كەيپىياتنى ياخشىلاپ، تەشۋىشنى ئازايتىدىكەن ھەمدە كېچىدىكى ئۇيقۇ سۈپىتىنىمۇ ئاشۇرىدىكەن.

مەن شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، ھەركۈنى ئوتتۇز مىنۇتتىن، ھەپتىدە تۆت ـ بەش كۈن چېنىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىزنىڭ گەپ قىلىشىڭىز تەسكە توختىغان دەرىجىدە چېنىقىشىڭىز، چېنىقىش سالمىقىڭىزنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلۋەتتە، چېنىقىش بەدەنگە پايدىلىق بولغاندەك، كەيپىياتقىمۇ پايدىلىقتۇر. «پىسخولوگىيە ئالدىنقى سېپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، چېنىقىش «كىشىنىڭ مېڭە ۋە تونۇش

فۇنكسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىئولوگىيەلىك ۋە پسىخكىلىق جەھەتتىكى ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولىدىكەن، شۇنداقلا نورمال ۋە كېسەل سەۋەبلىك قېرىپ كېتىشكە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىكەن.»

باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ يىل (يەنى 2022 ـ يىلى) «تەنھەرىكەت ۋە چېنىقىش پسىخولوگىيەسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «قىسقا مۇددەتلىك» ئوتتۇراھال سالماقتىكى چېنىقىشمۇ كەيپىياتنى ياخشىلاپ، ئېغىر دەرىجىدىكى چۈشكۈنلۈك كېسىلىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىيەلەيدىكەن.

## ئوتتۇرا دېڭىزچە تاماق يېيىش ئادىتى

«نېمە يېسەڭ شۇنداق بولىسەن» دەيدىغان گەپ بار. ئەگەر ساغلام بولىمەن دېسىڭىز، چوقۇم ساغلام يېمەكلىكلەرنى يېيىشىڭىز كېرەك. دەرۋەقە، مۇتەخەسسىسلەر ماي مىقدارى يۇقىرى غەربچە ئوزۇقلىنىشقا قارىغاندا، كۆكتات بىلەن مېۋە ـ چېۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان «ئوتتۇرا دېڭىزچە» ئوزۇقلىنىشنىڭ چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا بولۇش خەۋپىنى ھەمدە چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىدى.

مەركىزىي ساغلام يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ـ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنى، شۇنداقلا چۈشكۈنلۈككە قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە تەبىئىي خىمىيەلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بازىلدا نەشر قىلىنىدىغان «ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى» (Antioxidants) ژۇرنىلىدىكى بىر ماقالىدە، كەلگۈسىدە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بىلەن ئوزۇقلۇقنى چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇش؛ شۇنداقلا، دورا ئارقىلىق ياكى پسىخولوگىيەلىك ئۇسۇلدا داۋالاشقا ماس كەلمەيدىغان چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە ئوزۇقلۇقنى تەڭشەش ئارقىلىق داۋالىنىش مۇمكىنچىلىكى مۇھاكىمە قىلىنغان.

گەرچە ئوزۇقلۇق قىممىتى مول يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن «ئامېرىكا يېڭىلىقلىرى ۋە دۇنيا خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2022 ـ يىللىق تىزىمىسىغا كۆرە، «ئوتتۇرا دېڭىزچە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى» يەنىلا ئەڭ ساغلام يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى دەپ باھالانغان. بۇ «ئوتتۇرا دېڭىزچە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى»نىڭ بۇ ژۇرنالدا ئۇدا بەشىنچى قېتىم بىرىنچى بولۇپ باھالىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، (ياڭاق، بادام دېگەندەك) قاتتىق پوستلۇق مېۋە، پۇرچاق ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ باشقا تىپىك يېمەكلىكلىرى ئاساس قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماي تەركىبى يۇقىرى گۆش ۋە سېرىق ماي قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا، ماي تەركىبى تۆۋەن ياغلار، ئۆسۈملۈكلەر، بېلىق ۋە توخۇ گۆشى ئىستېمال قىلىنىدۇ.


چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش

تەتقىقاتچىلار دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئۇيقۇ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى؛ تەشۋىشنىڭ ئازىيىشى ۋە مېڭىنىڭ قورقۇنچقا ئالاقىدار ئەسلىمىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ ئۆگىنىش، ئەستە ساقلاش، كەيپىياتنى تەڭشەش ئىقتىدارلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/us/blog/psychiatry-and-sleep/202204/fighting-stress-anxiety-and-depression-naturally



# خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئىمپىرىيە»سىنى قانداق قۇردى؟

رىيد ستاندىش

## ختاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «مەقسەتسىز ئىمپېرىيە»سىنى قانداق قۇردى؟

رېيد ستاندىش

ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان نوپۇزىنى تېما قىلغان، ئىككى نەپەر ئاپتورنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ختاينىڭ مەقسەتسىز ئىمپېرىيەسى: ختايىستان» (Sinostan: China's Inadvertent Empire) دېگەن كىتاب يېقىندا نەشردىن چىقتى.

(تېرورىزم مۇتەخەسسىسى ۋە ختايشۇناس) رافائېلو پانتۇچى (Raffaello Pantucci) بىلەن ئالېكساندىروس پېتېرسون (Alexandros Petersen) 2008 ـ يىلى ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشنى باشلىغاندا، ختاينىڭ بۇ يەردىكى تەسىرى ئەمدىلەتىن ئاشكارا بولۇشقا باشلىغانىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەزكۇر رايون ختاينىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۆرنەكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ختاي 2001 ـ يىلى ھېچقانچە داغدۇغا قىلمايلا، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نى قۇرۇش ئارقىلىق مەزكۇر رايونغا تۇنجى قەدىمىنى باستى. رايونلۇق تەشكىلات بولمىش «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» رۇسىيەنى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركمەنىستاندىن باشقا بارلىق سابىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ختاينىڭ بارغانسېرى زورايغان ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلىنىشىغا ھەمدە مەزكۇر رايوندا كەڭ كۆلەملىك نېفت ۋە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى لىنىيەلىرىنى بەرپا قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ياۋرو ـ ئاسىياغا يۈزلىنىش خاھىشى بارغانسېرى كۈچەيدى.

2013 ـ يىلى ختاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانادا (كېيىن «نۇرسۇلتان»غا ئۆزگەرتىلگەن) «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى»نى ئېلان قىلىشى بىلەن، مەزكۇر مۇساپە تېخىمۇ تېزلەتىلدى. «يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى» شى جىنپىڭنىڭ دىپلوماتىك كوزىرى ھېسابلىنىدىغان نەچچە مىليارد دوللار قىممەتتىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھېسابلانغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ قۇرۇلۇقتىكى بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ.

رافائېلو پانتۇچى بىلەن ئالېكساندىروس پېتېرسونغا نىسبەتەن، بۇ خىل تەرەققىيات ئۆلارنىڭ يىللارچە داۋاملاشقان، ختاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى توغرىسىدىكى نەق مەيدان تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئۇلار مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە خىتايغا بارغانسېرى باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ يەتكەندى-يۇ، لېكىن، بۇنى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنۇشىنىڭ نەتىجىسىدىن بەكرەك، تەبىئىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ.

بۇ ھەقتە، پانتۇچى مۇنداق دەيدۇ: «<مەقسەتسىز ئىمپېرىيە> ئۇقۇمى مۇنداق بىر رېئاللىقتىن مەنبەلەنگەن، بىز مەزكۇر رايونغا بېرىپ كۆزەتكىنىمىزدە، خىتاينىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن بېيجىڭدا بۇ ھەقتە ئىستراتېگىيەلىك نەزەرگە ئىگە ئادەم يوقلۇقىمۇ ئوخشاشلا روشەن رېئاللىقتۇر.»

## نوپۇز ۋە پەرۋاسىزلىق

2014-يىلىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تولىمۇ كۆپ ئىشلار يۈز بەردى. جۈملىدىن، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە خىتاي كارخانىلىرى مەزكۇر رايونغا تۈركۈملەپ كىرىشكە باشلىدى. خىتاي تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاجىكىستاندا بىخەتەرلىك بازىسى تەسىس قىلىپ ئۈلگۈردى. «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ كېڭىيىشى خىتاينى مەزكۇر رايوننىڭ كۈندىلىك قۇرۇلمىسىغا تېخىمۇ چوڭقۇر سۆرەپ كىردى.

خىتاينىڭ سىياسەتلىرىمۇ داۋاملىق تۈردە مەزكۇر رايونغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى.

2017-يىلى، خىتاي مەزكۇر رايونغا قوشنا بولغان، ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا رەھىمسىز باستۇرۇش ھەرىكىتى قوزغاپ، كەم دېگەندە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەت ئەزالىرىنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىن ئويۇل-تويۇل چېكىنىپ چىقىشى ۋە 2021-يىلى 8-ئايدا تالىباننىڭ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈشى خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

يەنە شۇنىڭدەك، خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئۆزگەردى ۋە بۇ مۇساپە بۇ يىل 2-ئايدا ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ئۆزلىرىنىڭ زور ھەجىملىك ئىستراتېگىيەلىك ھۆججەت ئىمزالاپ، «چەكلىمىسىز» شېرىكلەرگە ئايلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

لېكىن، بۇنچە ئۆزگىرىشكە قارىماستىن، پانتۇچى بىلەن پېتېرسون يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى «خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر كۈچى ناباپ بىپەرۋالىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزىرىنى ساقلاپ قالدى. بۇ ھەقتە، پانتۇچى شۇنداق دەيدۇ: «غايەت زور ئىقتىسادىي باغلىنىشلار، خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئارىسىدىكى جۇغراپىيەلىك يېقىنلىق، شۇنداقلا (ئاتالمىش بىخەتەرلىك، تېررورلۇق خەۋپى دېگەندەك) ئورتاق ئەندىشىلەر بىردەك ھالدا خىتاينىڭ بۇ يەردىكى غوللۇق ئىشتىراكچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، خىتاي بۇ رايوننىڭ كەڭ دائىرىلىك مەسىلىلىرىگە ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىگىلا قىزىقىدۇ.»

تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 1949 ـ يىلى ئاندىن خىتاي تەرىپىدىن رەسمىي بېسىۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستان ئۆزۈندىن بۇيان، ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ مەركىزىي رايون توغرىسىدىكى پىلانلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى؛ شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىسلامىي ئاشقۇنلۇق»قا بولغان دىققىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. خىتاي يەنە مۇشۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ لاگېر سىستېمىسىنى ۋە خەلقئارانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىرازىنى قوزغىغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

خىتاي رەھبەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ (يەنى مۇشۇ يەردىكى خىتايلارنىڭ) ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش «غەربنى ئېچىۋېتىش» ئىستراتېگىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش (ۋە شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش)نىمۇ مەقسەت قىلغان.

بۇ خىل تاكتىكىنىڭ دۆلەت خامچوتى خىتايدىكى بەزى ئۆلكىلەرنىڭ خامچوتىغىمۇ يەتمەيدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشى مۇقەررەر. شۇنداقلا، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقنى تونۇپ يېتىش «خىتايىستان» دېگەن كىتابتا مۇھاكىمە قىلىنغان «مەقسەتسىز ئىمپېرىيە»نىڭ يادروسىدۇر.

بىر جەھەتتىن، پانتۇچى بىلەن پېتېرسون ئوتتۇرا ئاسىيانى خىتاي ئۈچۈن «تەجرىبىخانا»لىق رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە «خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى چەتئەل سىياسىتىنىڭ سىماسىنى كۆرۈۋالغىلى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن بەزى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.»

لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پانتۇچى «خىتاي تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىگە قىزىقمايدۇ، ھەتتا ئۇ مەزكۇر رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەسىلىلىرىگە قول تىقىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.

«خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېنىغىلا جايلاشقان. بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بۇ خىتاي رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلەردىن ئەمەس» دەيدۇ پانتۇچى.

بۇ خىل ھالەت رايوننىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى نۇرغۇن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، بولۇپمۇ رۇسىيە 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى.

رۇسىيەنىڭ 1 ـ ئايدا قازاقىستانغا ھەربىي مۇداخىلە قىلىشىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، رۇسىيە ھېلىھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچتۇر. شۇنداقلا، خىتاي بۇ جەھەتتە رۇسىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىش غەرىزى بارلىقىنى ئاساسەن ئىپادىلەپ باقمىدى. لېكىن، ئۇكرائىنا ئۇرۇشى خىتاينىڭ بۇ يەردىكى تەسىرىنى زورايتىپ، رۇسىيەنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشى مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، جۈملىدىن قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى ۋە ئۈمىدسىزلىكىنى ئىپادىلەپ ئۈلگۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، غەرب ئەللىرى رۇسىيەگە قاراتقان ئىقتىسادىي جازالارنىڭ زەربىسى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى مەغلۇبىيىتى ۋە ئىستراتېگىيەلىك خاتالىقلىرى رۇسىيە بىلەن شېرىكلىشىشنىڭ جەلبكارلىقىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن.


يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنىڭ ئېشىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داۋالغۇش ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان بولغاچقا، «ئۇكرائىنا مەسىلىسى قاچانغىچە رۇسىيەنىڭ زېھنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇراپ تۇرالايدۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن، رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىلگىرىكىدەك كۈچلۈك تەرزدە قول تىقالامدۇ ـ تىقالامدۇ؟» دېگەن سوئاللار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

«نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇزى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. لېكىن، مەسىلە شۇكى، بۇ رايوندا ئېغىر چاتاق كۆرۈلگەندە قانداق بولىدۇ؟ خىتاي بۇ يەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى خالامدۇ، خالامدۇ؟» دەيدۇ پانتۇچى.

ئېنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.rferl.org/a/china-central-asia-sinostan-inadvertant-empire/31802032.html




# شەرقىي تۈركىستاندىكى «تېرورلۇق كاپىتالىزمى»

دەررېن بايلېر

# شەرقىي تۈركىستاندىكى «تېررورلۇق كاپىتالىزمى»

«دىپلومات» تورىنىڭ مۇخبىرى مېرسىي كو بىلەن «Xinjiang Year Zero» دېگەن ئەسەرنىڭ ئورتاق تەھرىرلىرى دەرېن بايلېر، ئىۋان فرانسېسچىنى ۋە نىكولاس لوۋبىرى ئارىسىدىكى سۆھبەت

**«تېررورلۇق كاپىتالىزمى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭلار**

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، «تېررورلۇق كاپىتالىزمى» ئاتالغۇسى — خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى تەرىپىدىن، شۇنداقلا خىتاينىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە خۇسۇسىي ھۆددىگەرلىك شىركەتلىرى ئىجرائاتى تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان «تېررورچىلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىش» ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خىتاي دائىرىلىرى بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ قىسمىنى «ئىشەنچىسىز» كىشىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنى زور دەرىجىدە خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان نازارەت قىلىش، «قايتا تەربىيەلەش» ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سىستېمىسىغا بەند قىلىندى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېخنىكا شىركەتلىرىگە، لاگېرلارغا ۋە زاۋۇتلارغا مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ ئاجرىتىشنى يولغا قويۇشقا يول ئاچتى، مەركىزىي شىركەتلەر سانلىق مەلۇمات توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق قىممەت توپلىدى ۋە ئاخىرىدا نەچچە يۈز مىڭلىغان، تىنىمسىز ئىشلەيدىغان، مائاشى تۆۋەن (ھەتتا مائاشسىز) قۇل ئىشچىلار، تۈتقۇنلار ۋە مەھبۇسلار توپى قانۇن ۋە تېخنىكا سىستېمىسى تەرىپىدىن تىزگىنلەندى. «تېررورلۇق كاپىتالىزمى» دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچى جەھەتتىكى مەنپەئەتىنى «بىخەتەرلىك» باھانىسىدە بىرلەشتۈرگەن يەرشارىۋى كاپىتالىنىڭ ئالدىنقى سېپىدۇر.

**شەرقىي تۈركىستاندا يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشى ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟**

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى رەقەملىك (يەنى كومپيۇتېر، يانفون ۋە تورلاردىكى) قىلمىشلىرىنى باھالايدىغان يېڭى سانلىق مەلۇمات تەھلىل قىلىش قورالى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق. 2010 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سانلىق مەلۇمات تەھلىلى ۋە نازارەت قىلىش جەھەتتە سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۆسۈش يېڭىدىن يالغاندىن بىخەتەرلىك خادىملىرىنى ئاتالمىش «تېررورلۇق» ياكى

«ئاشقۇنلۇق» قىلمىشلىرىنى بايقاش مەقسىتىدە ئەقلىيفونلارنى سكانىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خىتاينىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، مۇشۇ خىل سكانىلاش نەتىجىسىدە، بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ «قانۇنسىز» ھۆججەت ھەمبەھىرلەش يۇمشاق دېتالى ئىشلەتكەنلىكى بايقالغان. گەرچە بۇ خىل يۇمشاق دېتال ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى قارىقويۇق تۇتقۇن قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكىلىق باھالاشلارنىڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقى ۋە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈشىگە باھانە تېپىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا زور مىقداردا دەلىل ـ ئىسپاتلار مەۋجۇت. ئەگەر بۇ خىل تېخنىكىلار بولمىغان بولسا، ئۆتمۈشتە نورمال، قانۇنلۇق ھېسابلانغان بۇ خىل قىلمىشلار بايقالمىغان، تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ سانىمۇ ھازىرقىدىن خېلى بەكلا ئاز بولغان بولاتتى.

## خىتاينىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلغان «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى»نى، ھەممىنى مالىيە سىستېمىسىغا باغلىشنى ۋە ئىجتىمائىي كونترولنى تەھلىل قىلىپ بەرگەن بولساڭلار.

خىتاينىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت/تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسى پەرقلىق ھادىسىلەر بولسىمۇ، لېكىن مۇددىئا جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە. چۈنكى، ھەر ئىككىسى يەرشارى مىقياسىدا بارغانسېرى بازار تېپىۋاتقان، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىلىرىنىڭ ئاشقۇن ۋەكىللىرىدىندۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئەڭ كەمدە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى روياپقا چىقىرىشنى كۆزلىگەن. بىرىنچىسى، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇندا بار بولغان ئىشەنچ باھالاش سىستېمىسى خىتايدا بولمىغاچقا، ئۇلار چوڭ بېرگ **(Big Data)** ۋە ئورۇنباسار سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي قىلمىشلارنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باھالايدىغان تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ۋاستىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئىلگىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ئامىللارنى رەسمىي ئىقتىسادقا باغلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» — «ئىشەنچلىك» يۇقىرا ۋە جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان، جەمئىيەتنى (سىياسىي ئىدىئولوگىيەگە بىنائەن) قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش **(social engineering)** جەريانىدۇر. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، «مەنتىقىلىق»، «مەنپەئەتنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈشنى كۆزلەيدىغان» پۇقرالارنى «مەدەنىيلەشتۈرۈلگەن» ئوبيېكتقا ئايلاندۇرالايدىغان رىغبەت ۋە قورقۇتۇش تۈزۈلمىسى ئارقىلىق، پۇقرالارنى «مەدەنىيلەشكەن» (شۇنداقلا «ئىشەنچ ئېڭىغا ئىگە») كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە، «سادىقلىق» بىلەن «ئىشەنچلىكلىك» ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە، «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» شەرقىي تۈركىستاندىكى رەقەملىك نازارەت قىلىش ۋە تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەركۇر سىستېمىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەلقئارالىق

تەمىنات زەنجىرى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە زۆرۈر بولغان ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدىغان قۇللۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە پرولېتارلار سىنىپىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## يەرشارىۋى بىخەتەرلىك سانائىتىنىڭ خىتايدىكى ئىجتىمائىي كونترول سىستېمىسىدا قانداق رولى بار؟

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلگەن تېخنىكىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاي شىركەتلىرىگە ئائىتتۇر. ئەمەلىيەتتە، («**Xinjiang Year Zero**» دېگەن) مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردىن بىرى شۇكى، خىتاينىڭ دۆلەت مەبلىغىنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلارغا سىڭىنىشى، شۇنداقلا دۆلەت بىلەن خۇسۇسىي كارخانىلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن مەزكۇر توختاملارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، پۇقرالارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ بۇ شىركەتلەرگە بېرىلىشى، خىتايدىكى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. يەرشارىۋى بىخەتەرلىك سانائىتىنىڭ بۇ سىستېمىدىكى ئاساسلىق رولى ئىنتېل بىر تەرەپ قىلغۇچ ئۆزىكى ۋە **oracle** ئوچۇق مەنبەلىك يۇمشاق دېتالى قاتارلىق، خىتاينىڭ تېخنىكا سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇللۇق تېخنىكىلارنى ئاساس قىلىدۇ.

بۇ شىركەتلەرنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئىلگىرى شىمالىي ئامېرىكادىكى مەكتەپلەردە تەربىيەلەنگەن ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرىدە خىزمەت قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلار (خىتايدا) ئۆزلىرىنىڭ شىركىتىنى قۇرغاندا، بۇ خىل تەربىيە ۋە ئالاقىدىن؛ شۇنداقلا (كالىفورنىيەدىكى) سىلىكون جىلغىسىدا ئەزەلدىنلا بار بولغان ئوچۇق مەنبەلىك، تېز سۈرئەتتە «قېلىپ»قا ئېرىشكىلى بولىدىغان (**rapid ـ prototyping**) تېخنىكا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسىدىن پايدىلاندى. بۇ شىركەتلەر ئامېرىكادىكى «**Palantir**» شىركىتىگە ئوخشاش دۆلەتلىك ھۆددىگەرلىك شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇر توپلاش ۋە بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسىدىن ئۆرنەك ئالغان. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، خىتايدىكى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى بىخەتەرلىك ھۆددىگەرلىك شىركەتلىرىنىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش دەپ قارايدۇ.

## كىتابىڭلاردىكى ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر، شىركەت خوجايىنلىرى ۋە پۇقراۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار چۈشىنىۋېلىشى كېرەك بولغان ئۈچ سىياسىي دالالەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولساڭلار.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كىتابىمىز نەزەرىيە خاراكتېرلىكتۇر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتابتىكى بابلار بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنىشىمىزگە تۈرتكە بولىدىغان نەزەرىيىۋى لايىھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىل چۈشىنىش ئۆز نۆۋىتىدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەت بەلگىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بولۇپمۇ، بىز يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىككى خىل نەزەرىيە رامكىسىغا ئېتىراز بىلدۈردۇق. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى

ختاي كومپارتىيەسىنىڭ بىنورمال، ئەزەلدىنلا بار بولغان رەزىللىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدىغان ماھىيەتچىلىك (essentialist) قارىشى؛ ئىككىنچىسى، ئۆتمۈشتە ۋە بۈگۈن يۈز بەرگەن ئوخشاش جىنايەتلەرنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى سۇيۇقلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان چالغىتمىچى (whataboutist) قاراشتۇر. بىز (شەرقىي تۈركىستاندىكى) لاگېرلارنى ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ۋە «ئەمگەكنى ھۆددىگە بېرىش» جەھەتلەردىكى تېخمۇ كەڭ دائىرىلىك يەرشارىۋى يۈزلىنىش ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، سىستېما قاتلىمىدا چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلدۇق.

تېخمۇ كونكرېت قاتلامدا، مەزكۇر كىتابتىكى ئەڭ روشەن سىياسەت دالالىتى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالاتلار بىزنى دۆلەتىمىزگە تېخمۇ يېقىن جايلاردا، جۈملىدىن شىركەتلىرىمىزدە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالاتلارغا دىققەت قىلىش خۇسۇسىدا ئاگاھلاندۇرماقتا. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئۈچ تۈرلۈك سىياسەت دالالىتىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، بىز شۇنداق دەيمىزكى:

1) ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەمىنات زەنجىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالاس قىلىشى، شۇنداقلا ئاجىز كىشىلەرنىڭ زىيانلىق تەرزدە نازارەت قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۈچلۈك ئەخلاقىي نىزاملارنى بېكىتىشى كېرەك.

2) ئۇنىۋېرسىتېتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، شۇنداقلا كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى ۋە لايىھەلەش فاكۇلتېتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئەخلاقىي يېتەكچىلىك جەھەتتىكى قۇسۇرلارنى تۈزىتىشى كېرەك.

3) تېخمۇ كەڭ دائىرىدە، «تېرورلۇق» ئۇقۇمى ھەمدە شۇنىڭغا چېتىشلىق ھەربىي ۋە ئامانلىق ساقلاش نەزەرىيەلىرى زامانىمىزدىكى يەرشارىۋى ئىرقچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھادىسىسى سۈپىتىدە تەلتۆكۈس كۆزدىن كەچۈرۈلۈشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2022/03/terror-capitalism-in-xinjiang/



# جاھالەت

چىخوۋ

## جاهالەت

### چېخوف (رۇسىيە)

دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دوختۇرى ئىشنى تۈگىتىپ، خىزمەتچىلەر قورۇسىغا قايتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ئۈچىسىغا يىرتىق تېرە جۇۋا، پۇتىغا چوڭ كىيلىپ قالغان قارا ئۆتۈك كىيگەن، مەڭىز سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، سېرىق چاچلىق يېزىلىق بالا قورۇنغان ھالدا دوختۇرنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـــ جانابلىرى ...سىلىدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى...

ـــ نېمە ئىشىڭ بارتى؟

يېزىلىق يىگىت بۇرنىنى ئالقىنى بىلەن ئاستىدىن ئۈستىگە سىلىغاچ ئاسمانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، دوختۇرغا ئېغىز ئاچتى:

ـــ سىلىدىن ئۆتۈنۈشۈم... جانابلىرى، بۇ دوختۇرخانىدا، مەھبۇسلار ياتىقىدا، قېرىندىشىم ۋاسكا، ۋارۋارىنو يېزىسىدىن تۆمۈرچى ۋاسكا يېتىۋاتىدۇ، جانابلىرى.

ـــ شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

ـــ ھە... مەن ئۇنىڭ ئىنىسى بولىمەن. دادامنىڭ ئىككى ئوغلىدىن بىرى ۋاسكا، يەنە بىرى مەن كىرىلا. ئىككىمىزدىن باشقا يەنە ئۈچ ئاچا ـ سىڭلىمىز بار. ۋاسكانىڭ ئايالى، كىچىك بىر بالىسىمۇ بار... كۆرۈپ تۇرغانلىرىدەك، ئائىلىمىزدە ئادەم جىق، لېكىن ئىشلەيدىغانلار يوق. ئويلاپ باقسىلىچۇ؟ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى تاشلىنىپ قالغىلى ئىككى يىل بولدى. مەن رەخت زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن، تۆمۈرچىلىكتىن خەۋىرىم يوق. دادامغا كەلسەك، ئۇ قانداقمۇ ئىش قىلالىسۇن؟ ئىش قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، تاماقنىمۇ ئوڭشاپ يېيەلمەيدۇ، قوشۇقنى ئاغزىغىمۇ ئاپىرالمايدۇ.

ـــ ھە، ھاجىتىڭ نېمە؟

ـــ رەھىم قىلىپ، ۋاسكانى قويۇۋەتكەن بولسىلا!

دوختۇر كىرىلاغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن، لام ـ جىم دېمەستىن يولغا داۋام قىلدى. يېزىلىق يىگىت يۈگۈرۈپ بارغىنىچە دوختۇرنىڭ ئالدىغا تىزلاندى، ئالقىنى بىلەن بۇرنىنى سۈرتتى، كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ـــ مۆھتەرەپ دوختۇر جانابلىرى! بىزگە خەيرخاھلىق قىلسىلا! ۋاسكانى قويۇۋەتسىلە، ئۆيىگە كېتىۋالسۇن! ئۆمۈربويى دۇئالىرىمىزدا سىلىنى ياد ئەتكەيمىز. جانابلىرى، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى قويۇۋەتسىلە! ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ. ئاپام تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى، ۋاسكانىڭ ئايالىمۇ يىغلاپ ئۆلتۈرىدۇ... ھالىمىز ئۆلگەندىنمۇ بەتتەر! يالغان سۆزلىگەن بولسام، كۆزلىرىم كور بولۇپ كەتسۇن! بىزگە بىر ياخشىلىق قىلسىلا، ياخشى نىيەت جانابلىرى. ۋاسكانى قويۇۋەتسىلە...

ـــ سەن دېۋەڭمۇ ياكى كالىلاڭدىن كەتتىڭمۇ؟ ئۇنى مەن قانداق قويۇۋېتەلەيمەن؟ ئۇ قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇس تۇرسا، ـــ دېدى دوختۇر تەئەددى بىلەن.

كىرىلا يىغلاشقا باشلىدى.

ـــ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنى قويۇۋەتسىلە.

ـــ تۇفىي ساڭا! قاپاقباش، مېنى تۈرمە باشلىقى دەپ قالدىڭمۇ؟ كىمسىلىنى داۋالسۇن دەپ ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەلدى، مەنمۇ ئۇنى داۋالاشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن. سېنى تۈرمىگە سولاشقا ھوقۇقۇم بولمىغىنىدەك، ئۇنى قويۇۋېتىشكىمۇ ھوقۇقۇم يوق. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ، قاپاقباش؟

ـــ لېكىن، ئاكامنى بىكاردىن بىكار تۈرمىگە سولاپ قويدى. ئۇ بۇ يەرگە ئەكېلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ بىر يىل قاماقتا ياتقاندى. نېمىشقا ياتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى ئوغرىلىق قىلغان بولسىغۇ مەيلى، ئەمما بىچارىنى بىكاردىن بىكارلا قىيناۋاتىدۇ.

ـــ ئېيتقانلىرىڭ راست بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

ـــ بىچارىنى تۈرمىگە سولاشتى، ئەمما نېمىشقا سولىغانلىقىنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ، جانابلىرى. ۋاسكا غەرق مەست بولغۇدەك ھاراق ئىچكەنمىش، نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەسمىش. دادامنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ پۇتاقلىرىغا ئېسىپ، ئۆزىنىڭ يۈزلىرىنىمۇ قارىغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ. بەك ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەنمىش. يېزىمىزدىكى ئىككى يىگىت بىر ئەرمەننىڭ دۇكىنىدىن تۇرك تاماكىسى ئوغرىلاشنى پىلانلىغانمىش. بىزنىڭ مۇنۇ قاپاقباشمۇ مەست بولغاچقا، ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ. دۇكاننىڭ قۇلۇپىنى تەڭ چېقىپ، ئىچىگە كىرىپتۇ ۋە ھەممە نەرسىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىپ، دېرىزىلەرنى چېقىپ، ئۇننىمۇ چېچىۋېتىپتۇ. بىلگەنلىرىدەك، ھەممىسى مەستلىكتىن بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا ساقچىلار كېلىپ قاپتۇ ۋە ئەتىسى ئۇچىلىسى يەرلىك تەپتىشنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچەيلەن بىرلىكتە بىر يىل تۈرمىدە ياتتى، تېخى ئالدىنقى ھەپتە ناھىيەلىك سوتتا قايتا سوتلاندى. بىر ئەسكەر مىلتىق تۇتقىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. خەلق سوت كوللېگىيەسى توپلىنىپ بىرلىكتە قارار بېرىشتى. ۋاسكانىڭ جىنايىتى باشقىلارنىڭكىدىن يېنىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جانابلار ۋاسكانى باش جىنايەتچى دەپ بېكىتىشتى. نەتىجىدە، قالغان ئىككى يىگىت تۈرمىگە تاشلاندى-يۇ، ۋاسكاغا ئۈچ يىللىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىش جازاسى بېرىلدى. خۇدا ھەققى، بۇ يەردە ئادالەت دەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟

ـــ ساڭا دېدىمغۇ، بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. مۇناسىۋەتلىك جايلارغا مۇراجىئەت قىلغىن.

— مېنى مۇراجىئەت قىلمىدى دەمدىلا؟ سوتقا ئىلتىماس سۇناي دېدىم، ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىشمىدى. ناھىيەلىك ساقچى باشلىقىنىمۇ ئىزدىدىم. يەرلىك تەپتىش ئەمەلدارىنىمۇ ئىزدەپ ھالىم قالمىدى. بۇ ئۆلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئىشى ئەمەسمىش. ئۇنداقتا، بۇ زادى كىمنىڭ ئىشى؟ ئۆزلىرى بۇ دوختۇرخانىدىكى ھوقۇقدار شەخس بولىدىلا، خالىغانلىرىنى قىلالايلا.

— سەن رەسمىي دېۋەتكەنسەن. ساڭا دېدىمغۇ، خەلق سوت كوللېگىيەسىدىكىلەر قارار بەرگەن ئىشقا ھېلىغۇ ساقچى باشلىقىكەن، ۋالىيمۇ، مىنىستىرمۇ ئارا تۇرالمايدۇ. سەن بىھۇدە پالاقلاۋاتىسەن.

— ئۇنداقتا، قاماققا ھۆكۈم قىلغانلار كىملەر؟

— ئۆزۈڭ بايا «خەلق سوت كوللېگىيەسىدىكى جانابلار» دېدىڭغۇ؟

— شۇلارنىمۇ جاناب دېگىلى بولامدۇ؟ ھەممىسى سەھرالىق تومپايلار! ئارىسىدا بىزنىڭ يېزىدىكى ئاندرېي گۇرېۋ بىلەن ئالىيوشكا جوكىمۇ بار ئىدى...

— سەن بىلەن پاراڭلاشقىلى بولمىغۇدەك، كاللاڭدا چاتاق باركەن سېنىڭ.

دوختۇر شۇنداق دېگىنىچە قوللىرىنى شىلتىدى، ئاندىن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كىربىلا يەنە دوختۇرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنىڭ ئىشكىنى يېپىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئاندىن، شەپكىسىنى كىيمەستىن دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىدا ئون مىنۇتتەك دوختۇرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئۆزۈندىن ئۆزۈن قاراپ تۇردى. ئارقىدىن، ئېغىر تىنغىنىچە، پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. يولغا چىقىۋېتىپ شۇنداق دەپ غودۇردى:

— كىمنى ئىزدىسەم لار؟ بۇمۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس دېسە، ئۇمۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس دېسە، بۇ زادى كىمنىڭ ئىشى؟ بۇلارغىمۇ پارا بەرمەي تۇرۇپ بىرەر ئىش قىلغۇزغىلى بولمايدۇ. دوختۇرمۇ گەپ قىلىۋېتىپ «ئون رۇبلى بېرىپ قالارمۇ» دېگەن تەمەدە كۆزلىرىنى قولۇمدىن ئۈزمىدى. قاراپ تۇرسۇن! زۆرۈر تېپىلسا، ۋالىيمۇ بىلەنمۇ كۆرۈشىمەن.

كىربىلا ھەر قەدەمدە دېگۈدەك توختاپ، بىھۇدە ھالدا ئارقىسىغا قارىغاچ ماڭدى. ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى، قارلار ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدا غىچىر ـ غىچىر ئاۋاز چىقارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا، يېرىم ۋېرستا[1] نېرىدىكى تۆپىلىكتە كىچىك ناھىيە بازىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىربىلانىڭ ئاكىسى يېقىندىلا ئاشۇ يەردە سوتلانغانىدى. ئوڭ تەرەپتىكى ئۆگزىسى قىزىل، قالغان يېرى قارا رەڭلىك، تۆت تەرىپىدە قاراۋۇللۇق سۇپىسى بار ئىمارەت تۈرمە ئىدى. سول تەرەپتە كىچىك ئورمان بار ئىدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پەقەت ئالدى تەرەپتە

---

[1] ۋېرستا — رۇسىيەدە قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، بىر ۋېرستا تەخمىنەن 1.0668 كىلومېترغا تەڭ كېلىدۇ. — ت

ئۈچىسىغا ئايالچە كالتە چاپان، بېشىغا تولىمۇ يوغان شىلەپە كىيگەن ياشانغان بىر كىشى ناھىيە بازىرىغا ھەيدەپ ماڭغان كالىسىغا ۋارقىرىغاچ، يۆتەلگىنىچە كېتىپ باراتتى.

— ياخشىمۇسىز، بوۋا! — دەپ سالام بەردى كىرىللا ئۇ كىشىگە يېتىشكەندىن كېيىن.

— ياخشىمۇ سەن...

— ساتقىلى ئېلىپ ماڭدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى بوۋاي ئېرىنچەكلىك بىلەن.

— شەھەرلىكمۇسىز؟

ئۇلار ئەنە شۇ رەۋىشتە پاراڭغا كىرىشتى. كىرىللا دوختۇرخانىغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، دوختۇر بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئۆزۈندىن ئۆزۈندىن ھېكايە قىلدى. بوۋايمۇ بازارغا كىرىۋاتقاچ كىرىللاغا شۇنداق دېدى:

— بۇ دوختۇرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىسى ئېنىق. گەرچە ئۇمۇ مۆتىۋەرلەردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پەقەت بىر ئاماللار بىلەن بىمارلارنى ساقايتىشنىلا ئۆگەنگەن. لېكىن، ساڭا جانغا ئەسقاتقۇدەك مەسلىھەت بېرىش ياكى ئىلتىماس يېزىپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەخسۇس مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان دۆلەت ئاپپاراتلىرى بار، سەن شۇ يەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىشىڭ كېرەك. ساقچى ئىدارىسىگە، تەپتىش ئىدارىسىگە باردىم دەيسەن، سېنىڭ ئىشىڭنى ئۇلارمۇ ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا، كىمنى ئىزدىشىم كېرەك؟

— يېزا كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى سىنېكوۋ ئەپەندى دېھقانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل باش ئەمەلداردۇر، شۇنىڭ قېشىغا بارغىن.

— ئۇ زولوتوۋودا تۇرامدۇ؟

— ھەئە، زولوتوۋودا. ئۇ سىلەرنىڭ باش ئەمەلدارىڭلار. دېھقانلارغا ئالاقىدار ئىشلاردا ساقچى باشلىقىمۇ ئۇنىڭغا غىدىق ـ پىدىق قىلالمايدۇ.

— ئەمما، ئۇ يەر بەكلا يىراق، بوۋا! ئارىلىق ئون بەش ۋېرستا، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق بولۇشى مۇمكىن.

— ئىش بېجىرىمەن دېسەڭ يۈز ۋېرستا يىراقلىقتا بولسىمۇ بېرىشىڭ كېرەك.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا ئىلتىماس سۇنامدىم؟

— سەن بارغاندا، نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى شۇلار ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىلتىماس سۇنۇشۇڭ كېرەك بولسا، كاتىپ شۇ يەردىلا يېزىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ خاس كاتىپى بار.

بوۋايدىن ئايرىلغان كىرىللا مەيداندا بىر ھازا ئۆرە تۇرغىنىچە ئويلاندى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، دەسلەپتە كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ زولوتوۋوغا بېرىشنى قارار قىلغاندى.

ئاردىن بەش كۈن ئۆتتى.

دوختۇر يەنە دوختۇرخانىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ، خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ بىناسىنىڭ هويلىسىغا كىرىپلا، كىربىلانى كۆردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يېنىدا يۇزلىرى تاتىراڭغۇ بىر بوۋاي، بېشىنى خۇددى سائەتنىڭ ماياتنىكىدەك توختىماي چايقاپ تۇراتتى. لەۋلىرىمۇ توختىماي تىترەيتتى.

ـــ جانابلىرى، يەنە ئالدىلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق. دادامنىمۇ ئېلىپ كەلدىم. سىلىدىن ئۆتۈنەي، بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىپ، ۋاسكانى قويۇۋەتسىلە. يېزا كېڭەشنىڭ هەيئەتى سىنېكوۋنىڭ يېنىغىمۇ باردىم، ئەمما گېپىمگە قۇلاقمۇ سالماستىن مېنى هەيدەپ چىقاردى، ـــ دېدى كىربىلا.

ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىشىگە، ياشانغان دادىسى تىترەپ تۇرغان قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا گەپ قوشتى:

ـــ مۆتىۋەر جانابلىرى! بىزگە خەيرخاهلىق قىلسىلا. بىز نامرات ئادەملەر بولغاچقا، قىلغان ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز. لېكىن، ئەگەر سىلى رۇخسەت قىلسىلا، كىربىلا ياكى ۋاسكا ئىشلەپ سىلىگە قەرز قايتۇرىدۇ، سىلى ئۇلارنى خالىغانچە ئىشقا سالسىلا بولىدۇ.

ـــ بىز چوقۇم ئىشلەپ، ياخشىلىقلىرىغا جاۋاب قايتۇرىمىز، جانابلىرى. ئۇنى قويۇۋەتسىلە، ـــ كىربىلا شۇنداق دېگىنىچە قەسەم قىلماقچى بولغاندەك، قولىنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈردى، ـــ ئۇنى قويۇۋەتسىلە، بالا ـ چاقىلار ئاچلىقتىن ئۆلەي دەۋاتىدۇ، ئۆيدە هەممەيلەن يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، جانابلىرى.

يېزىلىق يىگىت شۇنداق دېگەنىدىن كېيىن دادىسىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋىدى، دادا ـ بالا ئىككەيلەن تەڭلا دوختۇرنىڭ ئالدىغا تىزلاندى. بۇنى كۆرگەن دوختۇر قوللىرىنى سىلكىگىنىچە، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مىسلىسىز ئويغىنىش



# سىياسىي خەۋەر ھېرىسەنلىكىنىڭ زىيانلىرى

ئارسۇر برۇكس

# سىياسىي خەۋەر ھېرىسمەنلىكىنىڭ زىيانلىرى

ئارسۇر برۇكس

كىشىنىڭ سىياسەتكە بولغان قىزىقىشى بىلەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئارىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بارمۇ، يوق؟ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە ئويلىنىپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا، ئاكادېمىك ساھەدىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىش توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار تولىمۇ ئاز. ھالبۇكى، مۇشۇ ئازغىنە تەتقىقاتلاردىن ئېرىشىلگەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك نەتىجىلەر سىياسىي خەۋەرلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ كىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا دالالەت قىلماقتا.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، ھەپتىدە سىياسىي خەۋەر پروگراممىسىدىن بىرنى ئارتۇق كۆرگەندە، كىشىنىڭ خۇشاللىق دەرىجىسى **6.1** پىرسەنت تۆۋەنلەيدىكەن. ئۇلار بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبنى «بۇ خىل پروگراممىلاردا سەلبىي ۋەقەلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، تاماشىبىنلار بۇ خىل سەلبىي خەۋەرلەرگە قارىتا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ بىئارام بولىدۇ» دەپ يەكۈنلەشكەن. ئامېرىكانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكادىكى سىياسىي خەۋەرلەرنىڭ كىشىگە كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرى باشقا جايلاردىكىدىن قېلىشمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

مەن سىياسەتكە بولغان قىزىقىشنىڭ كىشىنىڭ ھاياتقا بولغان رازىمەنلىك تۇيغۇسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش مەقسىتىدە، **2014** ـ يىللىق «ئومۇمىي جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئەھۋالى»دىكى سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ باققانىدىم. مەن ئائىلە كىرىمى، مائارىپ سەۋىيەسى، ياش قۇرامى، جىنسى، ئىرقى، نىكاھ ئەھۋالى ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش سەۋىيەدە بولغان تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنى تاللاپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، «سىياسەتكە بەكلا قىزىقىدىغان» كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا «ئانچە خۇشال ئەمەس» بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ «سىياسەتكە ئانچە بەك قىزىقمايدىغان» كىشىلەرگە قارىغاندا سەككىز پىرسەنت يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

بۇ يەردە گوللاندىيەلىك تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان «سەلبىيلىك ۋە بىقۇۋۋەتلىق (چارىسىزلىك)» ئامىللىرىنىڭ تەسىرى بار بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. مەنچە بۈگۈنكى سىياسىي تەرەپبازلىق، تاراتقۇلارنىڭ قۇتۇپلىشىشى ۋە (كۆپ قىسىم دۆلەتلەردىكىدەك)

ئايغى چىقماس سىياسىي بەس ـ مۇنازىرىلەر بىۋاستە ھالدا كىشىلەرنى بەختىنىڭ خېمىرتۇرۇچىدىن، يەنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلماقتا.

ئالدى بىلەن، بىزنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان سىياسىي ھېرسمەنلىكىمىز ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىلىرى ئېيتقان «سىياسىي خۇسۇسىيەتداشلىق»نى (political homophily) كۈچەيتىۋېتىۋاتىدۇ. باشقىچىراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ھازىر سىياسىي مەۋقەلىرىدىكى ئوخشاشلىق ياكى پەرقكە ئاساسەن، دوست ياكى دۈشمەن بولۇشىۋاتىدۇ. توردا جۆرە ئىزدەشتە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ھازىر كىشىلەر جۆرە تاللىغاندا قارشى تەرەپنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرسە، ئۇنىڭ سىياسىي مەۋقەسىگىمۇ شۇنچىلىك ئېتىبار بېرىدىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ كىشىلەرنىڭ «بىراۋنىڭ كىمگە بېلەت تاشلىشى ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەخلاقىنىڭ نامايەندىسىدۇر» دېگەن قاراشقا بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن.

بەلكىم، ياشلاردا بۇ خىل زىيادە «سىياسەتپەرەس» خاھىشىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدا ھازىرقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ خېلى چوڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئوتتۇز يىل ئىلگىرى مەن توي قىلماقچى بولغاندا، ئاتا ـ ئانام مەندىن بولغۇسى ئايالىمنىڭ سىياسىي مەۋقەسىنى سوراپمۇ قويمىغانىدى. دەرۋەقە، ئىلگىرى ئامېرىكادىكى كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. 1958 ـ يىلىدىكى ئەلرايىنى سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى چاغدا ئامېرىكادا دېموكراتلار پارتىيەسىنى قوللايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ 33 پىرسەنتى ئۆز قىزىنىڭ دېموكراتلار پارتىيەسىنى قوللايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان؛ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى قوللايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ 25 پىرسەنتى ئۆز قىزىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى قوللايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، يېقى سانلىق مەلۇماتلار بۇنىڭدىن خېلىلا پەرقلىق بولۇپ، 2016 ـ يىلىدىكى ئەلرايىنى سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، دېموكراتلار پارتىيەسىنى قوللايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ 60 پىرسەنتى ئۆز قىزىنىڭ دېموكراتلار پارتىيەسىنى قوللايدىغان بىرىگە ياتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا؛ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى قوللايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل تەرەپبازلىق نىسبىتى 63 پىرسەنت بولغان. مەنچە، 2020 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ نىسبەت تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

دوستلۇق ۋە ئائىلە ئىچى مۇناسىۋەتلىرىمۇ سىياسىي ئىختىلاپلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان. ئەلرايى سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىرى 2016 ـ يىلىدىكى سايلام سەۋەبلىك دوست ـ بۇرادەرلىرى ياكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن گەپلەشمەس بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا شۇ كىشىلەرنىڭ دوستلىرى ياكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان سىياسىي مەۋقەسىدىكى پەرقنىڭ سەۋەب بولغانلىقى شەكسىز.

لېكىن، قىزىقارلىق يېرى شۇكى، كىشىلەر سىياسىي مەۋقە جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، كۈچلۈك سىياسىي پىكىرلەرنى ئىزھار قىلغان ياكى سجىل ھالدا سىياسەت توغرىسىدا پاراڭلاشقان تەقدىردە، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە يەنىلا دەز كېتىدىكەن. «سىياسىي نۇقتىئىينەزەر پەسىللىك ژۇرنىلى»نىڭ 2018 ـ يىللىق

ساندىكى سانلىق مەلۇمات تەھلىلدە كۆرستىلىشىچە، «بىرەر پارتىيەنىڭ سادىق قوللىغۇچىلىرىمۇ سىياسەت توغرىسىدا بەك كۆپ مۇنازىرىلىشىشنى ـــ ھەتتا بۇ كۆڭۈللۈك مۇنازىرە بولغان تەقدىردىمۇ ـــ ياقتۇرمايدىكەن.»

گەرچە، مەزكۇر تەتقىقاتتا كىشىلەرنىڭ سىياسىيغا بەكلا ھېرسمەن ئادەملەرنى ياقتۇرماسلىقىدىكى سەۋەب ئېنىق كۆرستىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ «توختاۋسىز، كۆپۈككە تولغان سىياسىي بەس ـ مۇنازىرە ۋە نەپرەتنىڭ كىشىنى تولىمۇ زېرىكىشلىك بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ»غانلىقى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

زىيادە سىياسىي ھېرسمەنلىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ سۇزۇك تەپەككۇر قىلىشىمىزغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ. كەم دېگەندە بىر تۇرلۇك تەتقىقاتتا كۆرستىلىشىچە، كىشىلەرنىڭ قۇتۇپلاشقان سىياسىي مەۋقەلەرگە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى توغرا تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى شۇنىڭدىن باشقا سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا قارىغاندا تۆۋەن بولىدىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئۆزىنىڭ تار سىياسىي دۇنياسىغا بېكىنىۋېلىش كىشىنى دۇنيادىن تېخىمۇ نادان قالدۇرىدۇ. فېيرلېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2012 ـ يىلىدىكى بىر تەكشۈرۈشىدە، بىر تۈركۈم ئامېرىكالىقلارنىڭ خەۋەر كۆرۈش ئادىتى، شۇنداقلا ئامېرىكادىكى ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى سورالغان. نەتىجىدە، ئاشقۇن تەرەپباز ـــ ئەڭ ئوڭچى ۋە ئەڭ سولچى ـــ تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشى مۇقىم خەۋەر كۆرۈش ئادىتى يوق كىشىلەرنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

مەنچە مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى تولىمۇ قايىل قىلارلىقتۇر. تەرەپباز تاراتقۇلارنىڭ بىزنى قايمۇقتۇرالاش ـ قايمۇقتۇرالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ دۇنيايىمىزنى تارايتىۋېتىدىغانلىقى شەكسىز. بۇ خىل تاراتقۇلار ھاياتىمىزنى «سىياسىي» بىلەن توشقۇزۇۋېتىش ئارقىلىق، شۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ خىل تەرەپباز تاراتقۇلار «خەۋەر» بىلەن «سىياسەت»نى باراۋەرلەشتۈرۈپ، تولىمۇ تار نەزەر دائىرە شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، باشقا ساھەلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئاساسەن ئورۇن بەرمەيدۇ. نەتىجىدە، بىز ـــ يەنى مۇشۇ خىل تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىز قوغلاپ كۆرىدىغانلار ـــ تولىمۇ زېرىكىشلىك كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەگەر سىز سايلام مەزگىللىرىدە ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان تەرەپباز تاراتقۇنىڭ خەۋەرلىرىنى توختىماي كۆرۈپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سىياسىي نەپرەتكە تولغان يوللانمىلىرىنى ئوقۇپ ۋە ھەمبەھىرلەپ، شۇنداقلا پۇرسەت تاپقان ھامان سىياسىي نەپرىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز، ياقتۇرۇلۇش نىسبىتىڭىز، توغرىلىقىڭىز ۋە چۈشەنچىڭىز بىردەك ھالدا تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن ھەرگىز ھەممەيلەننى پەقەتلا سىياسىي خەۋەر كۆرمەسلىككە ئۈندىمەكچى ئەمەس. لاياقەتلىك پۇقرالار سىياسىي مۇساپىگە دىققەت قىلىدۇ ۋە بۇ جەريانىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. لېكىن، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە

باشقىلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئويلاشقاندا، سىياسىي ھېرىسمەنلىكىڭىزگە چەك قويۇشىڭىز ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. بۇ جەھەتتە، مېنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپىم بار:

### بىرىنچى، قاقشىغاننىڭ ئورنىغا ئىشتىراك قىلىڭ.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، سىياسەتشۇناس ئېيتان ھېرش (Eitan Hersh) «ئاتالانتاك ژۇرنىلى»غا بىلدۈرۈشچە، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ زور مىقداردا سىياسىي خەۋەر كۆرۈشى بۇ دۆلەتنىڭ (يەنى ئامېرىكانىڭ) ھەقىقىي رەۋىشتە ئىلگىرىلىشىنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي نەپرەتكە بولغان «ئىشتىھاسى» تاراتقۇلارنىڭ ۋە سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭ «نەپرەت» ئىشلەپچىقىرىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ھەمدە (ئۆزئارا كېلىشىپ، مۇرەسسە قىلىشىپ ئۆتۈشى كېرەك بولغان) كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇرەسسەلىشىش ئىمكانىيىتىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتكەن.

ئېيتان ھېرش بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى (يەنى نوقۇل قاقشاش بىلەن چەكلىنىشى) پۇتبول ئويۇنماستىن پۇتبول مەيدانىغا قاراپ تۇرغاندىنمۇ بەتتەردۇر» دېگەن. ئۇ يەرلىك خەلقنى تېلېفۇنزور ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قاقشاۋېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرىغا پائال رەۋىشتە ئارىلىششقا، باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقان ئاساستا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى روياپقا چىقىرىشقا ئۈندىگەن. ئۇ يەنە بۇنداق قىلىشنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە، شەخسنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلىمەن.

### ئىككىنچى، سىياسىي خەۋەر كۆرىدىغان ۋە شۇ جەھەتتە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان ۋاقتىڭىزغا چەك قويۇڭ.

خۇمار خاراكتېرلىك قىلمىشلارنىڭ يادرولۇق ئالامەتلىرىدىن بىرى خۇمار ئوبيېكتىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىدۇر. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن ـ ئاشۇرۇۋەتمىگەنلىكىڭىزنى بىلىشنىڭ بىر چارىسى ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە: «بۇ ئىش مېنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمگە نىسبەتەن تولۇقلاش رولىنى ئويناۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىۋاتامدۇ؟» دەپ سوراشتۇر. بۇ سوئال سىياسەت نۇقتىسىدىن سورالغاندا، سەممىي جاۋاب «بۇ مېنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى» بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭ چارىسى، سىياسىي خەۋەرلەرنى كۆرۈش، شۇنداقلا سىياسەت توغرىسىدا گەپ قىلىش سالمىقىڭىزغا چەك قويۇشىڭىزدۇر. مېنىڭ بۇ ھەقتىكى تەۋسىيەم شۇكى، ئەگەر سىز كەسپىي تاراتقۇ خادىمى بولمىسىڭىزلا، ھەركۈنى خەۋەر كۆرىدىغان ۋاقتىڭىز ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئوتتۇز مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر سىياسىي خەۋەر كۆرۈش ۋاقتىڭىز ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، تېخىمۇ «ئىلمىدار» بولۇپ كەتمەيلا قالماستىن، كەيپىياتىڭىز بۇزۇلۇشى ۋە «سىياسىي خەۋەر» خۇمارچىلىرىدىن بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، سىياسەتتىن خالىي

سورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە سىياسىي مۇلاھىزىلەردىن ساقلىنىشقا بەل باغلاڭ. دەسلەپتە بۇنداق قىلىش تولىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرالىسىڭىز چوقۇم يېنىكلەپ قالىسىز، بولۇپمۇ ھەممە يەرنى «سىياسەت» قاپلىغان سايلام مەزگىللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق.

**ئۈچىنچى، بولۇپمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىر مەۋقەدىكى ئاشقۇن، تەرەپباز تاراتقۇلاردىن يىراق تۇرۇڭ.**

2017 ـ يىلى، «**The Onion**» تورى «سېنىڭ راست!» (**You're Right**) ناملىق، ئېقىم مەسىلىلىرىنى تېما قىلغان ھەجۋىي سۆھبەت پروگراممىسىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، مەزكۇر پروگراممىدا، رىياسەتچى تاماشىبىنلارنىڭ مەۋقەسىگە ئۇيغۇن كۆز قاراشلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۆز قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى؛ شۇ قاراشلارغا قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ بولسا ھاماقەت ۋە ناچار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلاتتى.

گەرچە، بۇ پروگرامما بىمەنىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تەرەپباز تاراتقۇلارغا چەك يېپىشىپ قالىدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنى، ئاتالمىش مۇتەخەسسىسلەر ۋە داڭدار كىشىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت كۆز قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، ئىنسانلار يامان كۆرگەن قاراشلارنى ئەيىبلەپ بېرىشى ئىنسانلارغا رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق قىلىش كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ۋە سىزنى تېخىمۇ بىلىمسىزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. سىز تەرەپباز تاراتقۇلاردىن بىر مەزگىل قول ئۈزەلىسىڭىز، ئاندىن ئۇنىڭ قانچىلىك زېھنىڭىزنى خوراتقانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيسىز ۋە بۆلەكچىلا راھەتلەپ قالىسىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.theatlantic.com/family/archive/2020/10/reading-too-much-political-news-bad-happiness/616651/



# قەشقەرنىڭ 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

كونۇرئالپ ئەرجىلاسۇن

# قەشقەرنىڭ 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى

(داۋامى)

كونۇر ئالپ ئەرجىلاسۇن

## 3. ياركەنت خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما

ياركەنت خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە بۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ھەققىدىكى مەنبەلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن، ياركەنت خانلىقى تارىخى تونۇشتۇرۇلغان ئاساسلىق ئىككى مەنبە بولمىش «تارىخىي رەشىدى» ۋە «تارىخ»تىكى ئۇچۇرلار ئارىسىدىن بۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

ياركەنت خانلىقىدا ئالىي قارار چىقىرىش ئورگىنى قۇرۇلتاي ئىدى. قۇرۇلتايغا خان جەمەتى ئەزالىرى، ئەمىرلەر (قەبىلە بەگلىرى) ۋە مەركىزىي ئاپپاراتلارنىڭ خادىملىرى قاتنىشاتتى. كېيىن، بۇلارنىڭ ئارىسىغا خوجىلارمۇ قوشۇلدى. دەسلەپتە، خانلار ۋەلىئەھد بېكىتمەيتتى ۋە خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، كىمنىڭ تەختكە چىقىدىغانلىقىنى قۇرۇلتاي قارار قىلاتتى ۋە نورمال ئەھۋالدا، خان جەمەتىدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ كىشى خان قىلىپ تاللىناتتى. لېكىن، مۇھەممەدخان (1591~1609) ئۆزىدىن كېيىن ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن بۇ تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى ۋە قۇرۇلتاي مۇھەممەدخاننىڭ (ياشقا چوڭ بولغان) ئىنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئوغلىنى تاللىدى ـ دە، شۇ سەۋەبلىك ئىسيان كۆتۈرۈلدى. ئابدۇللاھ خانمۇ (1638~1668) تەختنى ئوغلىغا قالدۇردى. قۇرۇلتاي خاننى سايلاشتىن باشقا، خانلىقتىكى زېمىنلارنى بۆلۈشۈش ۋە مۇھىم ئورۇنلارغا باشلىق تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ قارار چىقىراتتى (123).

مەلۇم بولغىنىدەك، «قۇرۇلتاي» كۆچمەن ـ چارۋىچى بوزقىر ئىمپېرىيەلىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر تۈزۈلمىدۇر. تېمۇرچىنمۇ 1206 ـ يىلى قۇرۇلتاي ئارقىلىق «چىڭگىز» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە خان قىلىپ سايلانغانىدى (124). ياركەنت خانلىقىنىڭ ئۇشبۇ «قۇرۇلتاي» تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ كۆچمەن ـ چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغان ۋە پائالىيەت قىلغان رايون بولمىش تارىم ۋادىسى (كۆچمەن ـ چارۋىچىلىقنىڭ ئەكسىچە) ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆنگەن قەۋملەرنىڭ ماكانى

بولغىنى ئۈچۈن، كېيىنچە خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىدا ئولتۇراق تۇرمۇشقا خاس ئامىللار مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، مەركەزلىشىش سالمىقى كۈچەيدى ۋە قۇرۇلتاي ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ۋەزنىنى يوقاتتى.

ياركەنت خانلىقىدا دۆلەتنىڭ كىرىم ـ تاپاۋەتلىرى خان جەمەتى، يەرلىك بەگلەر، ئوردا ئەركانلىرى ۋە نوپۇزلۇق قەبىلىلەر ئارىسىدا بۆلۈشۈلەتتى. خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قەشقەر ۋە يېڭىھىسار سەيىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ باشچىلىقىدىكى دوغلات بەگلىرىنىڭ تەسەررۇپىغا بېرىلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، دوغلاتلار ئىلگىرىكى كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار خاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، نوپۇزلۇق سەركەردىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرى ئارىسىدىن تاللىناتتى (125).

ياركەنت خانلىقىدا زېمىنلار خان جەمەتى ئەزالىرى ئارىسىدا (سۇيۇرغال سۈپىتىدە) بۆلۈشۈلەتتى (126). ھەربىر خان جەمەتى ئەزاسى ئۆزىگە بېرىلگەن رايوننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى ھېسابلىناتتى ۋە ئايرىم قوشۇنى بار ئىدى. ئۇلار ئۆز رايونىدىن توپلانغان باجنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرۈلگەن غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئالاتتى. لېكىن، پات ـ پاتلا خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىش مەقسىتىدىكى ئىسيانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، كېيىنچە ئابدۇررەشىدخان (1533~1563) خانلىق خەزىنىسىگە باج تاپشۇرىدىغان دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن مۇنتىزىم بىر قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ قوشۇندىكى پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى ھەر ئون ئۆيدىن بىر ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئارقىلىق قۇرۇپ چىقىلدى. فەتھى يۈرۈشلىرى بولغاندا، بۇلار غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى خانغا تاپشۇرۇپ، قالغانلىرىنى ئۆزلىرى بۆلۈشەتتى (127).

ياركەنت خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا ئۇلۇس بېگى، قۇش بېگى، ئۈچ بېگى، ۋەزىر، ئىشكئاغىسى، تۇغ بېگى، تاۋاچى، ياتىش بېگى، باخشى، داروغا، باقاۋۇل، مىراخور، ياساۋۇل، ئاتالىق، مىراب، كېرەك ياراغ، شىغاۋۇل، مۇتىۋەللى، ناقىب، قازى، مۇپتى ۋە ھاكىم قاتارلىق مەنسەپلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، مەزكۇر مەنسەپلەرنى تەپسىلىي ئىزاھلاشنىڭ پايدىسى بار.

ئۇلۇس بېگى ئەسكىرىي مەرتىۋە بولۇپ، ئاكىمۇشكىننىڭ (Akimushkin) قارىشىچە بۇ خاندىنلا قالسا ئەڭ مۇھىم مەرتىۋىدۇر (128). بۇ مەرتىۋە ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغاندا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزىغا بېرىلگەنىدى (129). بۇنىڭدىن سىرت، ئوخشاشلا سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە، خاننىڭ ئوغلى ئابدۇررەشىد سۇلتان سەپەرگە ئەۋەتىلگەندە، ئەلى تاغاي مىرزىنىڭ ئۇنىڭغا (يەنى ئابدۇررەشىد سۇلتانغا) ئۇلۇس بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز (130). «تارىخىي رەشىدى»نى نەشرگە تەييارلىغان روس (Edward Denison Ross) بۇ مەرتىۋىنىڭ ئەسلىدە ياۋروپادىكى «پادىشاھ» (King) مەرتىۋىسىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى، ئەمما 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ مەنىسىنى يوقاتقانلىقىنى ۋە پەقەت مۇشۇ مەرتىۋە بېرىلگەن كىشىنىڭ نوپۇزىنىلا كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (131). مەلۇم بولغىنىدەك، 14 ـ ئەسىردە دوغلات ئەمىرى تۇلۇق تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ، ئۇنى خان دەپ جاكارلىغان. ئۇلۇس بېگى مەرتىۋىسىگە ئىگە تۇلۇقنىڭ شۇ دەۋردە

قانچىلىك زور نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ۋەقەدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، بۇ مەرتىۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمىر بۇلاجىغا، كېيىن ئەمىر بۇلاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايىدادقا بېرىلگەن (132). 14 ـ ئەسىردىكى بۇ ئەھۋالدىن ئۇلۇس بېگى مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان كىشىنىڭ شۇ دەۋردە خېلى زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ مەرتىۋىنىڭ شۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرىغا ياكى قېرىنداشلىرىغا مىراس قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، مەزكۇر ۋەقەدىن ئالاھەزەل ئىككى يۈز يىل كېيىن قۇرۇلغان ياركەنت خانلىقىغا قارايدىغان بولساق، بۇ مەرتىۋىگە ئىگە بولغان سەيد مۇھەممەد مىرزا ئۆلتۈرۈلگەن، ئەلى تاغاي مىرزىمۇ مەملىكەتتىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر مەرتىۋە ھېچكىمگە بېرىلمىگەن (133). دېمەككى، روسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ مەرتىۋە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كىشىلەرگە ئەمەس، بەلكى خانغا يېقىن بولغان ۋە خاننىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىراپىغا نائىل بولغان كىشىلەرگە بېرىلىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلۇس بېگىلىكىنىڭ مىراس قېلىش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقانلىقى، شۇنداقلا ياركەنت خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقى مەلۇم. كۆچمەن ـ چارۋىچىلىق تۈرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۇلۇس بېگىلىك مەرتىۋىسىنىڭ بارغانسېرى ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقى ۋە ئاخىرى تامامەن ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقىنى ياركەنت خانلىقىنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا خاس ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قۇش بېگى: خانلىقتىكى يەنە بىر مۇھىم مەنسەپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان «قۇش بېگى»لىك مەرتىۋىسى «ئۈچ بېگى»لىك مەرتىۋىسى بىلەن تەڭ ئۇچرايدۇ. مۇھەممەدخان دەۋرىدە (1591~1609) غىياس سارىچ مىرزا ۋە ئەبۇ غۇر مىرزىلارنىڭ بۇ ئىككىلا مەرتىۋىگە تەڭ ئىگە بولغانلىقى مەلۇم (134). ئاكىمۇشكىننىڭ قارىشىچە، قۇش بېگى مەنسىپى تىنچ زامانلاردا شىكارغا مەسئۇل كىشىلەرگە بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرگە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە قوشۇننىڭ باش سانغۇنى سۈپىتىدە «ئۈچ بېگى» نامى بېرىلگەن (135). مەلۇم بولغىنىدەك، كۆچمەن ـ چارۋىچى قەۋملەرنىڭ ئەنئەنىسى بولمىش شىكارغا ناھايىتى كۆپ ئادەم قاتنىشاتتى ۋە ئىنتايىن كەڭ رايون (شىكارگاھ)دا ئېلىپ بېرىلاتتى. قابىلىيەتلىك بىرىنىڭ قوماندانلىق قىلىشىنى تەقەززا قىلىدىغان بۇ شىكارلار قوشۇن ۋە ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن خۇددى ئۇرۇش مانېۋىرىغا ئوخشايتتى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان قۇش بەگلىرىنىڭ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۈچ بېگىلىك سۈپىتىدە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. قۇش بېگى مەرتىۋىسىنىڭ 19 ـ ئەسىردە خوتەن ۋە قوقەند خانلىقلىرىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە، 1864 ـ يىلى قەشقەردە يېڭى بىر دۆلەت قۇرغان ياقۇپ بەگ ئەسلىدە قوقەند خانلىقىنىڭ قۇش بېگى ئىدى. بۇ دەۋردە، خوتەن خانلىقىدا مەزكۇر مەرتىۋىنىڭ «ۋەزىر»نى كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە قۇش بېگى بولغان كىشىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە قوشۇننىڭ باش سانغۇنى ئىكەنلىكى مەلۇم (136).

ياركەنت خانلىقىدا، ئابدۇللاھ خان دەۋرىگە (1638~1668) كەلگەندە، ئىسمايىل ئوردىبېگى مىرزا سول ئۈچ بېگى، فازىل چۇراس مىرزا ئوڭ ئۈچ بېگى بولغان (137). لېكىن، ئۇ دەۋردە بۇ كىشىلەرنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ «قۇش بېگى» مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ (138). بۇ خىل ئەھۋالدا، 17 ـ ئەسىرگە

كەلگەندە، ياركەنت خانلىقىدا «قوش بېگى» مەرتىۋىسىنىڭ قوللىنىلمىغانلىقى، «ئۈچ بېگى»نىڭمۇ باش سانغۇنى ئەمەس، بەلكى ئوڭ ۋە سول قانات سانغۇنلارنى كۆرسىتىدىغان بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

«ۋەزىر»لىك مەرتىۋىسى شۇ دەۋردىكى ئىسلامىي دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان بىر مەنسەپ بولۇپ، ياركەنت خانلىقىدا ئابدۇلكەرىم خاننىڭ دەۋرىدىن كېيىن ئۇچرايدۇ. مۇھەممەدخان لەتىپ خوجىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ھەربىر يېڭى خان تەختكە چىققاندا، يېڭىدىن ۋەزىر تەيىنلىگەن (139).

ئىشىكئاغىسى: ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىغا مەسئۇل بولغان كىشى «ئىشىكئاغىسى» دېيىلەتتى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمەللەردىن بىرى ئىكەنلىكى ۋە ھەرقېتىم خان ئالماشقاندا، ئىشىكئاغىسىنىڭمۇ ئالماشتۇرۇلغانلىقى (140)، شۇنداقلا بۇ مەرتىۋىنىڭ خوجىلار دەۋرىدىمۇ بارلىقى مەلۇم. 1735 ـ يىلىدىن كېيىن جۇڭغارلار ئاكا ـ ئۇكا تۆت خوجىنى تۆت شەھەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا بىردىن ھاكىمبەگ قويغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن يۈسۈپ خوجا، 1754 ـ يىلى جۇڭغارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، شۇ شەھەردە (يەنى قەشقەردە) ئىشىكئاغىسىلىق مەنسىپىنى تۇتۇۋاتقان خۇداياربەگنىڭ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن (141). ياركەنت خانلىقى دەۋرىدە، مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنسەپلەردىن بىرى بولغان ئىشىكئاغىسى مەرتىۋىسىنىڭ خوجىلار دەۋرىدە (بىر مەركىزىي ئاپپارات بولمىغانلىقتىن) ھەر شەھەردە بىردىن بار بولغانلىقىنى مۇشۇ يەردىن بىلگىلى بولىدۇ.

تۇغ بېگى: تۇغ بېگىنىڭ ۋەزىپىسى خانلىقنىڭ تۇغىنى قوغداش بولۇپ، ئۇ تەبرىك مۇراسىملىرىدا ۋە سەپەرلەردە تۇغ قادايتتى (142). بۇ مەرتىۋىنىڭ مۇھەممەدخان دەۋرىدە (1591~1609) خوجا مۇھەممەد سادىققا (143)، ئابدۇللاھ خان زامانىدا (1638~1668) شىغايغا بېرىلگەنلىكى مەلۇم (144).

تاۋاچى: 14~17 ـ ئەسىرلەردە ماۋارائۇننەھردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەسكىرىي ئاپپاراتلىرىدا، خاننىڭ ئىنتايىن مۇھىم بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان نۆكەرلىك رولىنى ئوينايدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن مەرتىۋىدۇر. بۇلار قوشۇننى توپلاش ياكى شىكارغا چىقىش دېگەندەك ئىشلارنى تەشكىللەش جەريانىدا تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى (145). ياركەنت خانلىقىدا، ئەھمەدخان دەۋرىدە (1609~1618) قەشقەر بېگى بولغان تۆمۈر سۇلتاننىڭ تاۋاچىسى بار ئىدى (146). بۇنىڭدىن، خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدىمۇ تاۋاچىلار بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ياتىش بېگى: ئاكىمۇشكىنىغا كۆرە، پايتەخت ياركەنت شەھىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولغان مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ باشلىقىدۇر (147). ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە (1638~1668) ھاكىم مىرزىغا مۇشۇ مەرتىۋە بېرىلگەنلىكى مەلۇم (148).

باخشى: خاننىڭ خاس كاتىپىدۇر (149). ئەھمەدخان دەۋرىدە (1609~1618) خۇدا بەردى باخشى بولغان (150).

يەنە بىر مەرتىۋە بولغان «داروغا» نوقۇل ياركەنت خانلىقىدىلا ئەمەس، ئىران ۋە ماۋارائۇننەھردىمۇ كەڭ ئۇچرايدىغان بولۇپ، كۆپ خىل مەنىلەرگە ئىگە. بۇ ئاتالغۇ «شەھەر داروغاسى» شەكلىدە قوللىنىلسا، ۋالىينى

كۆرستىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تۇرلۇك رايونلاردا باج توپلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچىنىڭ؛ بىر رايوندىكى مالىيە ئاپپاراتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋەكىلىنىڭ، شۇنداقلا خانىنىڭ ياكى باشقا ئەركانلارنىڭ سارايلىرىدىكى خوجىدارلىق ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشلەرنىڭ «داروغا» دېيىلگەنلىكى مەلۇم (151). ھالبۇكى، ياركەنت خانلىقىغا ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ مەرتىۋە كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە پەقەت بىر قېتىملا ئۇچرايدۇ. مەزكۇر ئەسەردە، جوراس قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان مىرزا ھەيدەربەگنىڭ داروغاسى تىلغا ئېلىنغان (152). مەزكۇر رايونغا ئالاقىدار يەنە بىر مەنبە بولمىش «ئەنسۇت تالىبىن» دېگەن ئەسەردە، نۇرىدىن خاننىڭ داروغاسى تىلغا ئېلىنغان (153). تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بۇ خىل ئىشلىتىشلەردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، ياركەنت خانلىقىدا داروغا ئۇنچە يۇقىرى مەنسەپ بولماستىن، ئۇنى «خانىنىڭ ياكى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ سارايلىرىدىكى خوجىدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغۇچى» دەپ تەبىرلەش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر.

باقاۋۇل: ئاشپەزبېشى بولۇپ، ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە ئىدرىس بەگ ئىسىملىك بىرەيلەن باقاۋۇل بولغان (154).

مىراخور: ئاتلارغا قاراشقا ۋە خانىنىڭ تەپتىش زىيارەتلىرىنى تەشكىللەشكە مەسئۇلدۇر. ئەھمەدخان دەۋرىدە خوجا ۋەيس، ئابدۇللەتىپ دەۋرىدە تاشىر ۋە ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە تەڭرىقۇلى ئىسىملىك كىشلەر مەزكۇر ۋەزىپىدە بولغان (155).

ياساۋۇل: ئاكىمۇشكىن ياساۋۇلنىڭ ئوردىدىكى يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارغا مەسئۇل تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مۇراسىملاردا قوش بېگى، ئاتالىق ۋە ۋىلايەت ھۆكۈمدارلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (156). ئابدۇللاھ خان كىيەك مىرزىنى سول ئەمىر ياساۋۇلى، خۇشاي مىرزىنى مەركىزىي قوشۇن ياساۋۇلى، ھىندى مىرزىنى سول ئەمىر ياساۋۇلى قىلىپ تەيىنلىگەن (157). (ختاي تارىخچىسى) ۋېي لياڭتاۋ بولسا، «مىرزا»لىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بۇ كىشلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتكە تەيىنلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى (يەنى «ياساۋۇل»لۇقنىڭ ئاكىمۇشكىننىڭ ئېيتقىنىدەك، تۆۋەن دەرىجىلىك مەرتىۋە ئەمەسلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان (158). ئابدۇللاھ خاننىڭ (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) ياساۋۇل تەيىنلىشىگە قارىغاندا، ياساۋۇلنىڭ ۋەزىپىسى مېھمان كۈتۈش ئەمەس، بەلكى قوشۇنغا ئالاقىداردۇر (159). بەلكىم، ياساۋۇل قوشۇننى تەپتىش قىلىدىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن.

«خان ياكى سۇلتانلارنىڭ ئۇستازى» دېگەن مەنىدىكى ئاتالىق (160) مەرتىۋىسىنىڭ خانلىقنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتىدا يوق ئىكەنلىكى، پەقەت خانلار كىچىك ۋاقتىدا ئۇلار ئۈچۈن «ئاتالىق» قىلىدىغان كىشلەرنىڭ تەيىنلىنىدىغانلىقى مەلۇم (161). ئابدۇللەتىپ سۇلتان كىچىك ۋاقتىدا، مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپبەگ ئۇنىڭغا «ئاتالىق» قىلىپ تەيىنلەنگەن (162). قۇرامىغا يەتكەن خان بىراۋنى ئۆزى ئۈچۈن «ئاتالىق» قىلماقچى بولسا، بۇ پەقەت شۇ كىشىنى شەرەپلەندۈرۈش مەقسىتىدە قىلىناتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئاتالىققا تەيىنلەنگەن بۇ كىشى

مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. مەسىلەن، ئابدۇللاھ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، شاھ مەنسۇربەگنى ئاتالىق قىلىپ تەيىنلىگەن (163). بۇ مەرتىۋە، بۇخارا خانلىقىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن، تۇركىستان زېمىنلىرىدا ئاتالىق مەرتىۋىسىنىڭ ۋەزنى بارغانسېرى كۆچەيگەن ۋە بۇخارا خانلىقىدا بۇ مەرتىۋىگە ئىگە بولغان كىشى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان (164). 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىنى «ئاتالىق غازى» دەپ جاكارلىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خان نەسلىدىن ئەمەسلىكىدىن بولسا (165)، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەرتىۋىنىڭ ۋەزنىنىڭ بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مىراب: سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، سۇنى تەقسىملەش، ساقلاش ۋە سۇ يولى يىغىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى بار ئىدى (166). ئابدۇللاھ خان دەسلەپتە باباق بەگنى، كېيىن ئابدۇراھمان بەگنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن (167). ياركەنت خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى»دە، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كىشىلەر توغرىسىدا پەقەتلا سۆز بولۇنمىغان. بۇنىڭدىن «مىراب» مەنسىپى خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئانچە مۇھىم مەنسەپلەردىن ئەمەس ئىدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن، كېيىنچە بۇ مەنسەپنىڭ ۋەزنى بارغانسېرى كۈچەيگەن ۋە ۋەزىر بىلەن ئىشىكئاغىسىدىن قالسىلا، ئەڭ مۇھىم مەنسەپلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. ھەتتا، ياركەنت خانلىرى بۇ مەنسەپنى ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە بېرىشكە باشلىغان (168). بۇنىڭدىنمۇ ياركەنت خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كۆچمەن ـ چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى ھەمدە ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدا، خانلىق قۇرۇلغان رايون (شەرقىي تۇركىستان)غا تېخىمۇ ئۇيغۇن بولغان، ئولتۇراق خەلقلەرگە خاس مېتودلار قوللىنىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كېرەك يـاراغ: ۋىلايەت ۋە رايونلاردىن قوشۇن ئۈچۈن قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك قاتارلىقلارنى تەييارلاشقا مەسئۇل كىشى ئىدى. ئابدۇللاھ خان، سۇلتان نەزەر پەھلىۋاننى مۇشۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن (169).

تاغارچى: مال بېجى تۈپلاشقا ۋە قوشۇنغا ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاشقا مەسئۇل ئىدى. ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە، ئاۋاز خوجا بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن (170).

شىغاۋۇل: بۇخارى خانلىقىدىمۇ بار بولۇپ، بۇخارادا بۇ ۋەزىپىگە مەسئۇل كىشى چەتئەل ئەلچىلىرىنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلاشقا مەسئۇل ئىدى. ياركەنت خانلىقىدا، ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە، مىرزا شىرداق بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن (171).

مۇتىۋەللى: ۋەخپە مۈلۈكلىرىگە مەسئۇل ئىدى (172). ياركەنت خانلىقىدا، ۋەخپە مۈلۈكلىرى كۆپەيگەن بولغاچقا، «مۇتىۋەللى»لىك بارغانسېرى مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلانغان ۋە بۇ ۋەزىپە خاننىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولغان كىشىلەرگە بېرىلگەن (173). ئابدۇللەتىف خان دەۋرىدە تاھىر مىراخور، ئابدۇللاھ خان دەۋرىدە تۇلاق بەگ، مۇھەممەد مۇئمىن سۇلتان ۋە تەڭرىقۇلى بەگ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن (174). ۋەخپە مۈلۈكلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋەخپە خانلىقتا مۇھىم ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلانغان ۋە شۇ ۋەجىدىن «مۇتىۋەللى»لىك ماقامىنىڭ ۋەزنى

كۆچەيگەن. خانلارنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىشىلەرنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى مۇددىئاسىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن. بىرىنچىسى، ئۆزى ياقتۇرىدىغان بۇ كىشىلەرنى ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە قىلىش، ئىككىنچىسى خانلىقنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىدىن پايدىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش. خوجىلار دەۋرىگە كەلگەندە، ۋەخپىنىڭ مۈلۈكلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. بۇنى رايوندا دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكى ۋە ئاخىردا دىنىي كۈچ بولمىش خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى بىۋاستە قولغا كىرگۈزۈشىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ (175).

ناقىب: ياركەنت خانلىقىدا، ناقىبنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئانچە كۆپ مەلۇمات يوق. بۇ مەنسەپ بېرىلگەن كىشىلەر (ئۆز دەۋاسى بويىچە) پەيغەمبەر نەسلىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ مەنسەپ خىۋە خانلىقىدىمۇ بار بولۇپ، ناقىب مەزكۇر خانلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى دىنىي زات ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بېشى ئىدى. ۋامبېرىينىڭ «ناقىب»نى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىكى «شەيخۇل ئىسلام»لىققا ئوخشاتقىنىغا كۆرە (176)، ئۇنىمۇ خىۋە خانلىقىدا قىلىنغان ئىشلارنىڭ دىنغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل كىشى، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇخارا خانلىقىدىمۇ، ناقىبنىڭ بۇخارى ئەمىرى يوق چاغلاردا، ئەسكىرىي مەھكىمىگە مەسئۇل بولغان ھەمدە مەنسىپى ئەسكىرىي ھاكىمدىن يۇقىرى بولغان كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم (177). ۋېي لياڭتاۋ بۇخارا ۋە خىۋەدىكى ئۆرنەكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، ناقىبنىڭ قوشۇننى نازارەت قىلىش دېگەندەك ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن (178). لېكىن، ئاكىمۇشكىن ئۆزى نەشر قىلدۇرغان «تارىخ» دېگەن ئەسەردە، مۇھىم ئەمەل ـ مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسى تەكرار ـ تەكرار زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، «ناقىب»نىڭ بىر قېتىملا قەيت قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ سەۋەبلىك ناقىبنىڭ (خىۋە ۋە بۇخارا دېگەندەك) باشقا خانلىقلاردىكىگە ئوخشاش ئالىي مەرتىۋە ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئاكىمۇشكىن ناقىبنى «پەيغەمبەر نەسلىدىن كەلگەنلەر (يەنى شۇنداقلىقنى دەۋا قىلغانلار) ئۆز ئىچىدىن سايلاپ چىقىدىغان ۋە شۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر رەھبەر» بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ (179). ياركەنت خانلىقىدا، ئەھمەدخان دەۋرىدە، خوجا ئابدۇرازاق ناقىب قىلىپ تەيىنلەنگەن (180).

قازىلىق: شۇ مەزگىللەردىكى ئىسلامىي دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئوسمانلىدىكىگە ئوخشاش، ياركەنت خانلىقىدىمۇ قازىلار دەۋا ـ دەستۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىدى (181). ئابدۇلكەرىم خان ھەپتىدە ئىككى كۈن خەلقنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلايتتى ۋە بۇ جەريانىدا يېنىدا قازى، مۇپتى ۋە باشقا ئەمىرلەر بار بولاتتى. ئەگەر مەسىلە دىنغا ئالاقىدار بولسا، قازى ۋە مۇپتى بىلەن؛ باشقا ئىشلارغا ئالاقىدار بولسا، ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئاساستا ھۆكۈم چىقىراتتى (182). ئابدۇللاھ خاننىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەركەزدىن قازى تەيىنلەشكە باشلىغانلىقى مەلۇم (183). شۇنىڭغا ئاساسەن، ياركەنت خانلىقىدا ھەم مەركىزىي ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدا، ھەم تاشقى رايونلاردا قازى تەيىنلەنگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

مۇپتى: ياركەنت خانلىقىدىكى مۇپتىلار قىلىنغان ئىشلارنىڭ دىنغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى نازارەت قىلاتتى ۋە پەتىۋا بېرەتتى (184). خىۋە خانلىقىدىمۇ بارلىق شەھەرلەردە مۇپتى بارلىقى مەلۇم (185).

هاكىم: بىر ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىدى. ياركەنت خانلىقىدا دەسلەپتە ئاقسۇ، ئۇش، قەشقەر، يېڭىھسار، خوتەن ۋە سېرىقكۆل قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە هاكىم تەيىنلەنگەن بولۇپ، كېيىن بۇلارغا تۇرپان بىلەن چالىش (بۈگۈنكى قارا شەھەر) قوشۇلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئاقسۇ، ياركەنت ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى بۆلۈنۈپ، كۇچا، قارغىلىق، قاراقاش ۋە كېرىيە ۋىلايەتلىرى قۇرۇلغان (186). شۇ تەرىقىدە، مەزكۇر رايوندىكى هاكىملەرنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر بۆلۈنۈش جەريانىدا بارغانسېرى كىچىكلەپ، هاكىملىقنىڭ ۋەزنى تۆۋەنلىگەن ۋە هاكىملارنىڭ سانى كۆپەيگەن. هاكىملارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ نوپۇزلۇقى پايتەخت ياركەنت شەھىرىنىڭ هاكىمى ئىدى ۋە ئۇ دۆلەت ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشالايتتى (187). «هاكىم»لىق مەرتىۋىسى خوجىلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. جۇڭغار خانى سېۋان ئارابتان مەزكۇر رايوننى قايتا ئىشغال قىلغاندا، ياركەنتتىكى دانىيال خوجا بىلەن قەشقەردىكى ئەھمەد خوجىنى ئەسىر ئالغان ھەمدە قەشقەرگە خەلق تەرىپىدىن سايلانغان بىرەيلەننى هاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن (188). بۇ دەۋردە هاكىمبەگلەر ئۆزلىرىنى جۇڭغارلار بىلەن بىر سەپتە دەپ تونۇغان ۋە 1754 ـ يىلى يۈسۈپ خوجا ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلانغاندا، بۇ ھەقتە جۇڭغارلارغا خەۋەر بەرگەن. شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن، يەنى 1755 ـ يىلى جۇڭغار خانى داۋاچىنى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئامۇرساناغا تاپشۇرۇپ بەرگەن خوجىسى (كىشى ئىسمى)مۇ ئۇچتۇرپاننىڭ هاكىمبېگى ئىدى (189). شۇ ۋەجىدىن، خوجىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىي كۈچىنىڭ، جۇڭغارلار تەرىپىدىن ھەرقايسى شەھەرلەرگە تەيىنلەنگەن هاكىمبەگلەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (190).

ياركەنت خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، خەلقنىڭ تۆت تۈرگە بۆلۈنگەنلىكىنى بايقايمىز. «تۈمەن» دەپ ئاتالغان دېھقانلار خانغا يىللىق سېلىق تۆلەيتتى. قوشۇندىكىلەر بولسا «قۇچىن» دەپ ئاتىلاتتى. «ئايماق» دەپ ئاتالغان كۆچمەن ـ چارۋىچى قەبىلىلەر خانلىققا ۋاكالىتەن خەلقتىن ئاشلىق ۋە رەخت توپلايتتى (191). قەشقەر ۋە خوتەندىكى قۇچىن بىلەن ئايماقلارنى دوغلات بەگلىرى باشقۇراتتى. تۆتىنچى تۈردىكىلەر بولسا، باشقۇرغۇچى مەمۇرلار ۋە دىنىي زاتلار ئىدى (192). يەنە بىر تەرەپتىن، خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايون خاراكتېرلىك كۆچۈشلەر مەيدانغا كەلگەن. سۇلتان سەئىدخان تەختنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، موڭغۇل قەبىلىرىگە مەنسۇپ بەش مىڭدەك كىشىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. ئابدۇللاھ خانمۇ قىرغىزلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن، قىرغىزلارنىڭ چوڭباغىش، قۇشچى، نايمان قىپچاق، تەيىت، ئوتتۇزئوغۇل قاتارلىق قەبىلىرىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان (193).

خانلىق زېمىنلىرىنىڭ دۆلەت مۈلكى، شەخسىي مۈلۈك، خان جەمەتىنىڭ مۈلكى ۋە ۋەخپە مۈلكى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدىغانلىقى مەلۇم. خانلىق زېمىنى ئىچىدە، پايدىلانغىلى بولىدىغان زېمىنى ئەڭ كۆپ بولغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەرلىرى تولىمۇ مۇنبەت ئىدى. بۇ يەردە بۇغداي، شال، ئارپا، كۈنجۈت قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىقچىلىقى ھەمدە پاختىچىلىق، يىپەكچىلىك، باغۋەنچىلىك بەكلا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ يەرنىڭ قويۇلدۇرۇلغان ئۈزۈم شىرنىسى ئىنتايىن داڭلىق ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، خانلىقنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بىرلىكتە، قەشقەردىمۇ يىپەك رەختلەر، ئەتلەس ۋە پاختىدىن توقۇلىدىغان گۈللۈك رەختلەر، گۈللۈك روماللار توقۇلاتتى. يەنە كېلىپ، بۇ

يەردە توقۇلغان، يىرىك، ئەمما ئىنتايىن چىدامىلىق بىر خىل رەخت سىبىرىيەدىن كامچاتكاغىچە (كامچاتكا: رۇسىيەنىڭ شەرقىدىكى بىر ئارال، ت) تارقالغانىدى. تىجارەتتە، قەشقەرنىڭ چىنە ـ قاچا ۋە فارفورلىرىنىڭ غەربكە تارقىلىشى بىلەن، قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئات ۋە مال ـ چارۋا تىجارىتى بۇ يەردە مۇھىم بازار شەكىللەندۈرگەنىدى (194).

خانلىق توپلىغان باجغا كەلسەك، بۇلار نەق پۇل، مال ۋە ئەمگەك كۈچى قاتارلىق شەكىللەردە ئېلىنغانىدى. مال ـ چارۋىلاردا، ھەر يۈز مالدىن بىرى باج ھېسابىدا ئېلىنسا، تىجارەتچىلەر ماللىرىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى زاكات سۈپىتىدە بېرەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، (سىرتتىن كىرگەن) مالنىڭ باھاسى ۋە سۈپىتىگە كۆرە، ئىككى پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە چېگرا (تاموژنا) بېجى ئېلىناتتى. سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە، خانلىقتا قاراشلىق يەرلەر (196) (تىبەتتىكى كوكو ۋە بۇلۇر ۋىلايەتلىرى، شۇنداقلا كەشمىر ۋە بەداخشانغا ئوخشاش) «ياساق» دەپ ئاتالغان يىللىق باج تۆلەيتتى (196).

خوجىلار دەۋرىدە بولسا، سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان باج بەش پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان باجمۇ بار ئىدى. خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، جۇڭغارلار بۇ رايوندىن يىلدا 67 مىڭ تەڭگە باج يىغاتتى (197).

خۇلاسىلىگەندە، تۆمۈرىيلەردىن كېيىن تۈركىستاننىڭ پارچىلىنىپ، تۈرلۈك خانلىقلارغا بۆلۈنگەنلىكى ۋە بۇ خانلىقلارنىڭ ئۆزئارىسىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز ئىچىدىمۇ ئايىغى چىقماس ھاكىمىيەت نىزالىرىغا پېتىپ قالغانلىقى مەزكۇر رايوننى ئاجىزلىتىۋەتكەن. خانلىقلار بىر ـ بىرىنى بويسۇندۇرالمايلا قالماستىن، ئۆز ئىچىدىمۇ ئىزچىل رەۋىشتە پارچىلىنىپ ماڭغان ۋە بۇ پۈتۈن تۈركىستان رايونىنى تاشقى كۈچلەرنىڭ ئىستېلا قىلىشىغا ئۇيغۇن ھالەتكە كەلتۈرگەن. ئەنە شۇ تەرىقىدە، 18 ـ ئەسىردە شەرقتە مانجۇلارنىڭ، 19 ـ ئەسىردە غەربتە رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا يول ئېچىلغان.

سىياسىي جەھەتتىكى بۇ بۆلۈنۈشلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرى دەماللىققا ھېس قىلىنمىغان ۋە قەشقەردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جۇش ئۇرۇپ داۋاملاشقان، ھەتتا قەشقەر ماللىرى ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا تارقىلىپ، داڭ چىقارغان. خوجىلار دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، باج ـ سېلىق كۆپەيگەن ۋە تۈركىستاننىڭ غەربىدە بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى روشەنلەشكەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇشمۇ ئاستا ـ ئاستا تۇرغۇنلاشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياركەنت خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ۋە خوجىلارنىڭ مەزكۇر رايوندىكى تەسىرى مانجۇ ئىستېلاسى بىلەنلا يوقىلىپ كەتمىگەن. مانجۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى تۈزۈلمىلەردىنمۇ پايدىلانغان ئاساستا، يېڭى ھاكىمىيەت ئاپپاراتى قۇرۇپ چىققان. لېكىن، خەلقىنىڭ ياتلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئىستىكىگە خوجىلارغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى قوشۇلۇپ، مەزكۇر رايوندا خوجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىسيانلارنىڭ 19 ـ ئەسىر مابەينىدە داۋاملىششىغا زېمىن ھازىرلىغان. (تۈگىدى)

كونۇر ئالىپ ئەرجىلاسۇننىڭ «تۈرك تارىخ جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن 19 ـ ئەسىرگە: قەشقەر» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.

* نەقىل مەنبەلىرى ئۇچۇن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.


مىسلىسىز ئويغىنىش
ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە كىشىلىك
مۇۋەپپەقىيەت
براين چېيسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت چارىلىرى

براين چېيىسى (ئامېرىكا)

ئۆزىڭىز ئۈچۈن كەڭ ۋاقىت بۆلەكلىرى ئاجرىتىڭ

«ھېچنەرسە ھاياتىڭىزغا، بارچە زېھنىڭىزنى مۇئەييەن نىشانلارغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىزنىڭ بەكرەك كۈچ ئاتا قىلالمايدۇ.» ــ نىدو كيۇبېين (Nido Qubein).

مەركۆز ئىستراتېگىيە سىزنىڭ پىلانلانغان ۋاقىتلاردا چوڭ ۋەزىپىلەر ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىزنى تەقەززا قىلىدۇ. سىز قىلىۋاتقان ھەقىقىي مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاماملىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن كىسىز، كەڭ ۋاقىت بۆلەكلىرىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. سىزنىڭ مۇشۇ خىل قىممەتلىك ۋە ئۈنۈمدار ۋاقىت بۆلەكلىرىنى يارىتىش ئىقتىدارىڭىز، خىزمىتىڭىز ۋە ھاياتىڭىزغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر.

ئۇتتۇقلۇق ساتقۇچىلار ھەركۈنى بولغۇسى خېرىدارلىرىغا تېلېفون قىلىشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى كەينىگە سۈرەشنىڭ ئورنىغا، ھەركۈنى (خېرىدارلارغا) تېلېفون قىلىشقا مەخسۇس ۋاقىت (مەسىلەن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندىن ئون بىرگىچە) ئاجرىتىدۇ ۋە شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلايدۇ.

نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى كۈندە خېرىدارلارغا بىۋاستە تېلېفون قىلىپ، شۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىغا قۇلاق سېلىشقا، ياكى تېلېفون قايتۇرۇشقا، ۋەياكى خەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىدۇ.

بەزىلەر ھەركۈنى چېنىقىش ئۈچۈن يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ۋاقىت ئاجرىتىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەركۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى 15 مىنۇت نادىر كىتابلارنى ئوقۇيدۇ. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئۇلار ئەڭ نادىر ئەسەرلەردىن نەچچە ئون پارچىنى ئوقۇپ تۈگىتىشىدۇ.

## كەڭ ۋاقىت بۆلەكلىرىنى ئاجرىتاڭ

مۇئەييەن ۋاقىت بۆلەكلىرىدە مۇئەييەن ئىشنى قىلىش توغرىسىدىكى بۇ مېتودنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ــــ ئەتىسى قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى ئالدىن پىلانلىشىڭىزغا، شۇنداقلا مۇئەييەن پائالىيەت ياكى ۋەزىپە ئۈچۈن مۇقىم ۋاقىت بېكىتىشىڭىزگە باغلىقتۇر.

ئۆز ـ ئۆزىڭىز بىلەن «ئىش ۋاقتى كېلىشىمى» تۈزۈشۈڭ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىڭ. مۇھىم ئىشلارغا تۇتۇش قىلىش ۋە ئۇلارنى تاماملاش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزگە ئوتتۇز، ئاتمىش، توقسان مىنۇتلۇق ۋاقىت بۆلەكلىرىنى ئاجرىتاڭ.

يۇقىرى ئۈنۈملۈك كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، كۈنبويى ئالدىن پىلانلانغان ۋاقىت بۆلەكلىرىدە مۇئەييەن ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ خىزمەت ھاياتى ھالقىلىق ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ تاماملاشنى مەركەز قىلغان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى بارغانسىرى ئېشىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا، ئىككى، ئۈچ، ھەتتا بەش ھەسسە كۆپ ئىش قىلالايدىغان بولىدۇ.

## ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈڭ

كۈنلەرگە، سائەتلەرگە، ھەتتا مىنۇتلارغىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلغان ۋە ئالدىن پىلانلانغان ۋاقىت جەدۋىلى كىشىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئاشۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاستىلەردىن بىرىدۇر.

بۇ جەدۋەلدىكى خىزمەت بۆلىكى ئىچىدە، تېلېفونىڭىزنى، شۇنداقلا دىققىتىڭىزنى چېچىۋېتىشى مۇمكىن بولغان ھەر نەرسىنى ئېتىۋېتىپ، توختاۋسىز رەۋىشتە ئىشلەيسىز. ئەڭ ياخشى خىزمەت ئادەتلىرىدىن بىرى سەھەر تۇرۇپ، (ئىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى) بىر قانچە سائەت ئۆيدە ئىشلەشتۇر.

ئەگەر خىزمەت سەۋەبلىك ئايروپىلاندا سەپەر قىلىشقا توغرا كەلسە، ئايروپىلان ئۇچۇشتىن ئىلگىرى ئىشىڭىزنى پىلانلاپ، ئايروپىلاننىڭ ئۆز ئىشخانىڭىزغا ئايلاندۇرالايسىز ۋە ئايروپىلان ئۇچقاندىن باشلاپ، سىجىل ئىشلىيەلەيسىز. ئايروپىلاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ھەر بىر مىنۇتنى قەدىرلەش يۈكسەك ئۈنۈمدارلىقنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. ساياھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىتلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنى چوڭ ئىشلارنىڭ كىچىك پارچىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىڭ.

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، ئەلئېھراملارمۇ تاشلارنى بىردىن بىردىن قويۇش ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان. بۈيۈك ھايات ۋە كاتتا خىزمەتلەرمۇ ئىشلارنى ــــ ھەتتا، كۆپىنچە ھاللاردا كىچىك ئىشلارنى ــــ بىر ـ بىرلەپ، نۆۋەت بويىچە تاماملاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان. ۋاقىت باشقۇرۇش جەھەتتە، سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ــــ مۇھىم ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا، سۈپەتلىك قىلالاش ئۈچۈن، زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان ۋاقىت بۆلەكلىرى ئاجرىتىشتۇر.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

قانداق قىلغاندا، ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بۆلەكلىرىنى ئاجرىتالايدىغانلىقىڭىز ھەققىدە باش قاتۇرۇڭ ۋە بۇلارنى پىلانلاڭ. ئاجراتقان شۇ ۋاقىتنى ئۆزۈڭ مەزگىلىدە ئەڭ مۇھىم نەتىجىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىڭ.

ھەربىر مىنۇت سىز ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر. خىزمىتىڭىزنى ئالدىن پىلانلاڭ ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈڭ. ئاندىن، سىجىل رەۋىشتە، دىققىتىڭىزنى چاچماستىن ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

بۇنىڭدىن سىرت، نەتىجىسگە ئۆزىڭىز مەسئۇل بولغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ.

<u>جىددىيلىك تۇيغۇڭىزنى كۈچەيتىڭ</u>

«ساقلاپ تۇرۇۋەرمەڭ! <توغرا پەيت> ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كەلمەيدۇ. ھازىر قەيەردە تۇرغان بولسىڭىز، ئىشنى شۇ يەردىن باشلاڭ ھەمدە قولىڭىزدا قانداق ئىمكانلار بار بولسا، ئاۋۋال شۇلارغا تايىنىڭ. تېخىمۇ ياخشى ئىمكانلار ئالدىڭىزدا چوقۇم ئۇچرايدۇ» ــ ناپالېئون خىل.

خىزمەت ئىپادىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى «قىلمىشقا مايىل» ئىكەنلىكىدۇر.

ئۈنۈمدار ئىنسانلار تەپەككۇر قىلىش، پىلانلاش ۋە ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تەرتىپلەش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىدۇ ۋە ئارقىدىنلا، دەرھال، زوق ـ شوق بىلەن ئىشقا ئاتلىنىپ، ئۆز نىشانىغا ۋە غايىسىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار تەۋرەنمەس روھ بىلەن سىجىل ئىرىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆز ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن، بىھۇدە ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا، پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىيالايدۇ.

ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى يۈكسەك ۋە سىجىل ئۈنۈمدارلىق ھالىتىدە قىلسىڭىز، «راۋان» دېيىلىدىغان پەۋقۇلئاددە روھىي ھالەتكە كىرەلەيسىز. ھەممە ئادەم دېگۈدەك بۇنداق تۇيغۇنى ھېس قىلىپ باققان بولىدۇ. ھەقىقىي ئۇتۇقلۇق كىشىلەر نورمال كىشىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپرەك ئاشۇ خىل «راۋان» ھالەتتە بولالىغانلاردۇر.

ئىنساننىڭ خىزمەت ئىپادىسى ۋە ئۈنۈمدارلىقى ئەڭ يۈكسەك بولغان بۇ خىل «راۋان» ھالەتتە، زېھنىڭىز ۋە ھېسسىياتىڭىزدا مۆجىزىۋى ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

ئۆزىڭىزنى بەختلىك، جۇشقۇن، ھارمايدىغان ـ چارچىمايدىغاندەك ھېس قىلىسىز. قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن پۈتۈپ قېلىۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ. ئۆزىڭىزدە پەۋقۇلئاددە قەلب ھۇزۇرى ۋە ئۇنۇمدارلىقنى ھېس قىلىسىز.

نەچچە ئەسىردىن بۇيان مەلۇم بولغان ۋە بەس ـ مۇنازىرە قىلىپ كېلىنگەن بۇ «راۋان»لىق ھالىتى، ئىجادىيلىق ۋە ئۇنۇمدارلىق جەھەتتە بىر بالداق يۇكسەلگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ خىل ھالەتتە، سىز تېخىمۇ سەگەكلىشىسىز، تۇيغۇلىرىڭىز تېخىمۇ سۇزۇكلىشىدۇ. سەزگۈلىرىڭىز ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئۆتكۈرلىشىدۇ. تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۇرتكە بولىدىغان ئاجايىپ پىكىرلەر پات ـ پاتلا ئەقلىڭىزگە كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاشۇ خىل «راۋان» ھالەتكە كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزدە «جىددىيلىك تۇيغۇسى» شەكىللەندۇرۇشكە تىرىشىشىڭىز كېرەك. «جىددىيلىك تۇيغۇسى» بىر ئىشنى دەرھال باشلاش ۋە ئۇنى تېز سۈرئەتتە پۈتتۈرۈش تۇغرىسىدىكى ئىچكى تۇرتكە ۋە ئىستەكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «جىددىيلىك تۇيغۇسى» ــ «ئۆز ـ ئۆزىڭىز بىلەن بەسلەشكەن»دەك بىر ئىشتۇر.

جىددىيلىك تۇيغۇسى كىشىدە «قىلمىش مايىللىقى» شەكىللەندۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىز توغرىسىدا گەپ قىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، دەرھال ئىشنى باشلاشقا مايىل بولىسىز ۋە شۇ تاپتا نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا كاللا قاتۇرىدىغان بولىسىز. ئۆزىڭىز ئارزۇلىغان نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، زېھنىڭىزنى نۆۋەتتە قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرىسىز.

بارلىق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا «تېز رىتىم»نىڭ تەسىرى بارلىقنى بايقايمىز. مۇنداق رىتىمنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئىشنى مۇئەييەن سۈرئەت بىلەن باشلاش ۋە پۈتۈن ئىش جەريانىدا ئىزچىل ئاشۇ سۈرئەتنى ساقلاش كېرەك.

قىلمىشقا مايىل كىشىگە ئايلانغىنىڭىزدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «ھەرىكەت مىقدارى پىرىنسىپى»مۇ كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. مەزكۇر پىرىنسىپقا كۆرە، ئەڭ دەسلەپتە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ناھايىتى زور ئېنېرگىيە تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن باشلىنىپ بولغان ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇش تولىمۇ ئاسانغا توختايدۇ.

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، قانچە تېز ئىش قىلسىڭىز، ئېنېرگىيەڭىز شۇنچە زور بولىدۇ. قانچە تېز ئىش قىلسىڭىز، شۇنچە كۆپ ئىش قىلالايسىز ۋە ئۆزىڭىزنى شۇنچە ئۇنۇمدار ھېس قىلىسىز. قانچە تېز ئىش قىلسىڭىز، شۇنچە كۆپ تەجرىبىگە ئېرىشىسىز ۋە شۇنىڭ باراۋىرىدە شۇنچە كۆپ نەرسە ئۆگىنەلەيسىز. قانچە تېز ئىش قىلسىڭىز، ئىشىڭىزدا شۇنچە ئۇتۇقلۇق ۋە ماھارەتلىك بولالايسىز.

جىددىيلىك تۇيغۇسى ئاپتوماتىك ھالدا سىزنى كەسپىي ھاياتىڭىزنىڭ «تېز سۈرئەتلىك لىنىيەسى»گە باشلايدۇ. قانچە تېز ۋە قانچە كۆپ ئىش قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزگە بولغان ھۆرمىتىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىز شۇنچە ئاشىدۇ.

ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزگە تولىمۇ ئاددىي، ئەمما ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان «دەرھال باشلا! دەرھال باشلا!» دېگەن سۆزنى تەلقىن قىلىپ تۇرۇڭ.

قۇرۇپ گەپ ياكى ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئىشلار سەۋەبلىك ئاستىلاپ قالغىنىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە «ئىشىڭغا قايت! ئىشىڭغا قايت!» دەپ تۇرۇڭ.

مۇھىم ئىشلارنى تېز ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملايدىغان ئادەم سۈپىتىدە تونۇلۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بۇ نام سىزنى ئۆز ساھەيىڭىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزىدۇ.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ! ھەرقانداق ئىش قىلغاندا، «جىددىيلىك تۇيغۇسى» شەكىللەندۈرۈڭ. ھورۇنلۇق خاھىشىڭىز بار بولغان بىرەر ساھەنى تېپىپ چىقىڭ ۋە شۇ ساھەدە تېز ئىش قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىڭ.

بىر پۇرسەتنى ياكى مەسىلىنى بايقىغىنىڭىزدا، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. سىزگە بىر ۋەزىپە ياكى مەسئۇلىيەت تاپشۇرۇلغاندا، ئۇنى دەرھال تاماملاڭ ۋە نەتىجىسىنى ئىش تاپشۇرغۇچىغا دوكلات قىلىڭ.

ھاياتىڭىزدا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەر ساھەدە تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى قانچىلىك ئىجابىي ھېس قىلغانلىقىڭىزغا ۋە قانچىلىك كۆپ ئىش قىلىۋەتكەنلىكىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران قالىسىز.

«ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى




# كونا «ئوتتۇرا شەرق» دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىشى

مارك لىنچ

# كونا «ئوتتۇرا شەرق» دەۋرىنىڭ ئاياغلىششى:
## كونا تەبىر تەرىپىدىن بۇرمىلانغان يېڭى رېئاللىق

مارك لىنچ

2021 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئېفىئوپىيە ھۆكۈمىتى تىگراي رايونىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇشتا جىددىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئىران، تۈركىيە ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، شۇنداقلا باشقا شەكىلدىكى تۈرلۈك ھەربىي قوللاشقا ئېرىشكەن ئېفىئوپىيە قىسملىرى «تىگراي خەلق ئازادلىق فرونتى»نىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈردى. ھالبۇكى، «تىگراي خەلق ئازادلىق فرونتى» سومالى جەڭچىلىرىنىڭ، سوماللىقلار بولسا قاتارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئامېرىكالىق نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەردىن ئەڭ كەمدە تۆتىنىڭ «ئافرىقانىڭ ئىچكى توقۇنۇشى»دەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئىشقا قول تىققانلىقىدىن ھەيران بولۇشتى. لېكىن، بۇ خىل ھەيرانلىق يەككە ھادىسە ئەمەس. يېقىنقى يىللاردا، تۈركىيە ئافرىقادا قىرىقتىن كۆپرەك كونسۇلخانا ھەمدە سومالىدا چوڭ تىپتىكى ھەربىي بازىدىن بىرنى تەسىس قىلدى. ئىسرائىلىيە ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغانلىقى سەۋەبلىك، خەلقئارانىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بېسىمى دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى شېرىكلەرنى تېپىش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ «ئافرىقاغا قايتقان»لىقىنى جاكارلىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېفىئوپىيە ۋە سۇداندا نۇرغۇن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سېتىۋالدى. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى سومالى يېرىم ئارىلىدا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇردى. مىسىر نىل دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە توسما ياساش پىلانى جەھەتتە ئېفىئوپىيە بىلەن توقۇنۇشقا پېتىپ قالدى.

ھالبۇكى، بۇ خىل باغلىنىشلار ئافرىقا بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئومان ئىنچىل ھالدا ئۆزىنى ھىندى ئوكيان دۆلىتى دەپ قارىغاچقا، ھىندىستان، ئىران ۋە پاكىستان بىلەن كۈچلۈك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پارس قولتۇقىدىكى باشقا دۆلەتلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئافغانىستان ۋە پاكىستاننىڭ ئىشلىرىغا راۋۇرۇس قول تىقىپ كەلدى. تۈركىيەمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغانسېرى قول تىقىشقا باشلىدى، جۈملىدىن

ئەزەربەيجاندىكى (ئەرمىنىيە بىلەن بولغان) ھەربىي توقۇنۇشقا مۇداخىلە قىلدى. شۇنداقلا، پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ختاي ۋە باشقا ئاسيا ئەللىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى.

ھالبۇكى، داۋاملىشىۋاتقان ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ خىل رايون ھالقىغان باغلىنىشلار ئىچىدە، ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياستى يەنىلا ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى نىسبەتەن تار ئوتتۇرا شەرق خەرىتىسىدىن ھالقىيالمىدى. ئامېرىكا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا، «ئوتتۇرا شەرق»نى (كومورو، ماۋرىتانىيە ۋە سومالىدىن باشقا) ئەرەب دۇنياسى ـــ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى»غا ئەزا ئەللەر ـــ بىلەن ئىران، ئىسرائىلىيە ۋە تۈركىيەنىڭ جۇغلانمىسى، دەپ تەبىرلەپ كەلدى. بۇ خىل تەبىر نۇرغۇن كىشىلەرگە تەبىئىي تۇيۇلىدۇ. جۇغراپىيەلىك سىجىللىق، مەزكۇر رايون توغرىسىدىكى ئومۇملاشقان چۈشەنچە ۋە 20 ـ ئەسىر تارىخىغا ئاساسەن، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، ئاقىللار ئامبىرى ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ نەزىرىدىكى «ئوتتۇرا شەرق» ئەنە شۇدۇر.

لېكىن، مەزكۇر تەبىر بارغانسېرى زامانغا ماس كەلمەيۋاتىدۇ. مەزكۇر رايوندىكى غوللۇق دۆلەتلەر ئەنئەنىۋى (يەنى بىزنىڭ تەبىرىمىزدىكى) ئوتتۇرا شەرق رامكىسى ئىچىدە قانداق ھەرىكەت قىلغان بولسا، مەزكۇر رامكىنىڭ سىرتىدىمۇ شۇنداق ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ رايونغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغان بەزى رىقابەتلەر ھازىر (ئامېرىكا تەرىپىدىن) تەسەۋۋۇر قىلىنغان مەزكۇر چېگرانىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بەشبۇرجەكلىك بىنا (يەنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى) بۇنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى: 2007 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ «ئافرىقا قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، ئامېرىكانىڭ (ئوتتۇرا شەرق ئىشلىرىغا مەسئۇل) «مەركىزىي قوماندانلىق شتابى»نىڭ ئوبيېكتى مىسىر، ئىران، ئىراق ۋە پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئافغانىستان، جىبۇتى، ئېرىترىيە، ئېفىيوپىيە، كېنىيە، پاكىستان، سومالى ۋە سۇداننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىسى روشەنكى، بۇ خىل گۇرۇپپىلاش ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ نەزىرىدىكى «ئوتتۇرا شەرق»تىن خېلى بەكلا پەرقلىق ئىدى.

ئامېرىكانىڭ سىياسىي ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەربىي ئاپپاراتلىرىنىڭ «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىدىكى بۇ قەدەر چوڭ پەرق مەزكۇر رايون توغرىسىدىكى كونا تەبىرگە ئېسىلىۋېلىشنىڭ خەتىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، (ئوتتۇرا شەرقنىڭ دائىرىسى توغرىسىدىكى) بۇ خىل كونا ئۇقۇم ھازىرقى سىياسىي ۋە ھەربىي رېئاللىققا زىت بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە بۈگۈنكى مۇساپىرلار كىرىزىسىدىن تارتىپ ئىسلامچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا ۋە بۇ رايوندا يىلتىز تارتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىچە بولغان نۇرغۇن چوڭ خىرىسلارنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ۋە سىياسەت بەلگىلەشنى ئەنئەنىۋى «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىگە كۆرە داۋاملاشتۇرۇش ئامېرىكانىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن بىخەۋەر ھالدا

ئىستراتېگىيە بېكىتىشكە سەۋەب بولۇشى؛ تېخىمۇ چاتاقى، ئامېرىكا شۇ سەۋەبلىك بۇ يەردە داۋاملىق ئاپەت خاراكتېرلىك خاتالىقلارنى سادىر قىلىشى مۇمكىن.

## سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى زېھنىيىتى

گەرچە ئامېرىكانىڭ نەزىرىدىكى «ئوتتۇرا شەرق» ئۇقۇمى ھازىر ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زامانىۋى دەۋردىن ئىلگىرىكى تارىختا ھېچقانداق ئاساسى يوق. شىمالىي ئافرىقا ۋە لېۋانت (ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئاراللار)تىكى ئەرەب ئەللىرى ئەسىرلەر بويى كۆپ مىللەتلىك، غايەت زور ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغانىدى. (يەمەن ۋە ئومانغا ئوخشاش) دېڭىز ـ ئوكيان بويىغا جايلاشقان پارس قولتۇقى ئەللىرى قىزىل دېڭىز ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا سومالى يېرىم ئارىلىغا باغلانغان ئىدى. ئىسلام دىنى مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقانىڭ باشقا جايلىرىنى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن، ئامېرىكا «ئوتتۇرا شەرق»نى تەبىرلەشتە، بۇ قەدەر يىراقتىكى تارىختىكى نەزەر سېلىشنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ يېقىنقى رېئاللىقنى، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچىلىك ۋە بۆيۈك كۈچ سىياستىنى ئاساس قىلدى.

19 ـ ئەسىردە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ ئىمپېرىيە پىلانلىرى شىمالىي ئافرىقا ۋە لېۋانتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئالاھىدە رايون» ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. فرانسىيە 1830 ـ يىلى ئالجىرىيەنى، 1881 ـ يىلى تۇنىسنى، 1912 ـ يىلغا كەلگەندە ماراكەشنى ئىشغال قىلدى. فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىنى ئايرىشتا سەھرايى كەبىردىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقنى ئەمەس، بەلكى ئىرقنى ئاساس قىلغانلىقى، فرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى «قارا تەنلىكلەر ئافرىقاسى» بىلەن، تېرىسى نىسبەتەن ئاق كەلگەن ئەرەبلەر ۋە بېربېرلارنى ئاساس قىلغان فرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى مەغرىبنىڭ پەرقىنى گەۋدىلەندۈردى. يەنە شۇ خىل ئىرقچىلىق ئوتتۇرا دېڭىز ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا قاتتىق توساق پەيدا قىلدى ـ دە، جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئاق تەنلىكلەر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى شىمالىي ئافرىقا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يېقىن شەرق خەلقلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلدى.

ئەنگلىيەلىكلەر بولسا بۇ رايوننى «يېقىن شەرق» دەپ ئاتىدى، چۈنكى بۇ رايون ئۇلارنىڭ ھىندىستان ۋە «يىراق شەرق»تىكى، ياكى ئاسىيادىكى مۇستەملىكە مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئۆتەڭ ئىدى. 1869 ـ يىلى سۇۋەيش قانىلى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ رايوننىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زورايدى. نەتىجىدە، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئۆز مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى مىسىر ۋە لېۋانت بىلەن تۇتاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رايونلارنى شىمال، شەرق ۋە جەنۇبتىكى رايونلاردىن پەرقلەندۈردى. تاكى 1971 ـ يىلىغىچە، ئەرەب يېرىم

ئارىلىنىڭ چۆرىسىدىكى بىر قاتار «ھىمايە ئاستىدىكى دۆلەت»لەر (protectorate) ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدا بولغاچقا، باشقا كۈچلەر بۇ رايوننى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ، كونا مۇستەملىكىچىلىك چېگراسى خېلى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالدى. كېيىنچە، پەلەستىنلىكلەرنىڭ پۇشتى بولغان ئامېرىكالىق ئالىم ئېدۋارد سەيىد تەرىپىدىن «شەرقشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان، ئەرەبلەر، پارسلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ئالاقىدار بىر قاتار ئىدىئولوگىيەلىك پەرەزلەر «كەڭ كەتكەن بۇ رايون، ئورتاق ھەم قالاق كۈلتۈرگە ئىگە» دېگەن ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىغا باشچىلاپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ (مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان) بۇ رايون ئۇقۇمىنى ئۆز مەقسىتىگە ماسلاشتۇردى. ئامېرىكانىڭ بۈگۈنكى «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ «ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىدىغان نېفت تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىسرائىلىيەنى قوغداش ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ شىمالىي ئافرىقادىكى سابىق <مىراس>لىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىن يىراقلاشتۇرۇش» قاتارلىق مۇددىئالىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

1950 ـ ۋە 1960 ـ يىللاردا ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم كۆنتەرتىپلىرى ئىلمىي تەتقىقات ۋە سىياسەت بەلگىلەش ساھەلىرىدە مەزكۇر «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىنىڭ رەسمىي قوبۇل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 1958 ـ يىلىدىكى «دۆلەت مۇداپىئە مائارىپى قانۇنى» دۆلەت مەبلىغىنى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىغا ئالاقىدار كۆنتەرتىپلەرنى قوللاش مەقسىتىدە رايون تەتقىقاتىغا ئىشلىتىشكە يول ئاچتى، «فورد فوندى» قاتارلىق پايدا كۆزلىمەيدىغان چوڭ تىپتىكى تەشكىلاتلارمۇ بۇ ئۇرۇنۇشقا ئىشتىراك قىلدى. بۇ خىل يېڭى مېتود دۇنيانى ئوخشىمىغان رايونلارغا بۆلدى. ئەنە شۇلاردىن بىرى «ئوتتۇرا شەرق» ئىدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتچىلىرى چەك ـ چېگراسى ئېنىق بېكىتىلگەن مەزكۇر رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈلتۈرى، تىلى، تارىخى ۋە سىياسىتى ھەققىدە چوڭقۇر كەسپىي بىلىملەرنى جۇغلىدى. ئەمما بۇ تەتقىقاتچىلار سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا، ياكى ئافغانىستان ۋە پاكىستان ـــ بۇ جايلارنىڭ ئۆزلىرى تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلە ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـــ ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

## ئامېرىكانىڭ «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرى نېفت لىنىيەسى ۋە مۇستەملىكىچىلىك تارىخىنىڭ مەھسۇلىدۇر

سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، مىسىر پرېزىدېنتى جامال ئابدۇلناسىرنىڭ پانئەرەبىزىم خاھىشى (ئامېرىكانىڭ نەزىرىدىكى) «ئوتتۇرا شەرق»نىڭ سىنئىي ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى كۈلتۈرەل ـ سىياسىي بىر گەۋدە

ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. پەلەستىن مەسىلىسى ۋە مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش كۈرەشلىرى ئەرەب دۇنياسىنى ئىلھاملاندۇردى ۋە بىرلىككە كەلتۈردى، (مەزكۇر رايوندىكى) دۆلەت باشلىقلىرىمۇ ئۆز-ئۆزىنى «ئىسرائىلىيە» بىلەن «ئەرەب بىرلىكى»دىن ئىبارەت قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە تەبىرلەشكە باشلىدى. مىسىر ۋە باشقا شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىدىكى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا خەلقلىرىگە بولغان ئىرقچىلىق تۇتۇمى «ئوتتۇرا شەرق ئىرق ۋە كۇلتۇر جەھەتتە ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئۇقۇمنىڭ بازار تېپىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېلىنىشى ئەزەربەيجان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى رىقابىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان («ئوتتۇرا شەرق»تىن ئىبارەت) بۇ رامكىدىن چىقىرىۋېتىشنى يوللۇقلاشتۇردى.

مەزكۇر «ئوتتۇرا شەرق» ئۇقۇمى ئامېرىكانىڭ بىر قاتار سىياسىي تەلىماتلىرىنى ۋە بىخەتەرلىك ئىتتىپاقداشلىقىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇنداقلا، (بۇ خىل ئىتتىپاقداشلىقتىن روياپقا چىققان) مەزكۇر مۇناسىۋەتلەر «ئىران ئىنقىلابى» قاتارلىق داۋالغۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشىغا قارىماستىن، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا (مەزكۇر رايوندىن ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئاقىدىغان) نېفت تەمىناتىنى ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھالبۇكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق بەدەللىرى بار ئىدى. (ئامېرىكادىكى) ئاكادېمىكلار ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر مەزكۇر «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرى بويىچە تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇستەملىكە دەۋرىنىڭ ئاسارىتى بولمىش شەرقشۇناسلىق ئىدىيەلىرى تەلقىن قىلىنىپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇلار مەزكۇر رايون توغرىسىدا يەكۈن چىقارغاندا بۇ رايوننىڭ جېگراسىدىن ھالقىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كۈچلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا كۆنۈپ كېتىشتى. مەسىلەن، «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، «بۇنىڭغا <ئەرەب ئوتتۇرا شەرقى>دىكى بىنورمال ھالەت سەۋەب بولغان» دېگەن يەكۈن ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشتى. «جىھادچىلىق»نى ئەرەب كۇلتۇرى ئارقىلىق شەرھلەشكە ئۇرۇنغان تالاي تەھلىللەردە، ئافرىقادا، جەنۇبىي ئاسىيادا ۋە دۇنيانىڭ باشقا نۇرغۇن جايلىرىدا باش كۆتۈرگەن «ئىسلامچىلىق» ۋە باشقا دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ جانلانغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

ئەنە شۇنىڭدەك، ئامېرىكانىڭ «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرى ئىزچىل ھالدا «ئەۋزەللىك» بولۇشتىن بەكرەك، «ناقىسلىق» بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە ئون يىلدىن ئۇنىڭدىن زىنھار ۋاز كېچىلمىدى. گەرچە «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» ئافغانىستان، مىسىر، سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە سۇداندىكى «ئەلقائىدە» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا يەنىلا ئۆزىنىڭ («ئوتتۇرا شەرق» توغرىسىدىكى) كونا تەبىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

## يولدىن چەتنىگەن سىياسەتلەر

ئەرەب ئەللىرىدىكى ئىسيانلار ئامېرىكالىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنى ساختا ساۋاقتا ئىگە قىلدى. دەسلەپتە، نامايىشلارنىڭ تۇنىس بىلەن مىسىردىن بۇ رايوننىڭ باشقا قىسىملىرىغا شىددەت بىلەن يامرىشى ئوتتۇرا شەرقنىڭ قايتىدىن بىر گەۋدىلەشكەنلىكىنى نامايەن قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭدىكى كېيىنكى بىر قاتار ۋەقەلەر، جۈملىدىن قاتار، سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ لىۋىيەدىكى، سۈرىيەدىكى ۋە يەمەندىكى ئۇرۇشقا قول تىققانلىقى، شۇنداقلا مىسىر ۋە تۇنىستىكى ھاكىمىيەت ئالمىشىشلارغا مۇداخىلە قىلغانلىقى «ئوتتۇرا شەرق بىر گەۋدىلەشكەن گېئوپولىتىك سەھنىدۇر» دېگەن ئۇقۇمنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. ھالبۇكى، ئىران، ئىسرائىلىيە ۋە تۈركىيەدىن ئىبارەت مەزكۇر رايوندىكى نوپۇزى ئەڭ كۈچەيگەن دۆلەتلەر ئەسلا ئەرەب دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ناھايىتى تېزلا ئۆز خەلقلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان تەھدىت دەپ قاراشقا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» قاتارلىق پانئەرەبىزمچى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ۋە لىبېرال پائالىيەتچىلەرنى باستۇرۇشقا ئۇرۇندى. نەتىجىدە، بۇ خىل بۆلۈنۈش رايون مىقياسىدا سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا بولغان ئۈمىدنى سۇغا چىلاشتۇردى. لىۋىيە بىلەن سۈرىيە مالىمانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، ئەرەب ھۆكۈمدارلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى يوللۇقلاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئەرەب خەلقى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز بولغان يېڭى كاپالىتىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

بۈگۈن نۇرغۇن ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى سىياسىي تەرەققىياتلار مەزكۇر رايوننىڭ ئەنئەنىۋى چەك-چېگراسىنىڭ ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. 2018-يىلى سۇداندا يۈز بەرگەن ئىنقىلابنىڭ ھەمدە يېقىندا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى غوللۇق كۈچلەردىن بىرى بولغان مىسىرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئافرىقادىكى 55 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك ئاپپاراتى بولغان «ئافرىقا ئىتتىپاقى»نىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىشى، بۇ دۆلەتنىڭ (يەنى سۇداننىڭ) بىرلا ۋاقىتتا مەزكۇر ئىككى رايونغا تەۋە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىنى نامايەن قىلدى. ئافرىقانىڭ باشقا جايلىرىدا، كۆچمەنلەر دولقۇنى ۋە سەھرايى كەبىر رايونىدىكى ئىسلامچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى مەغرىب ئەللىرىنىڭ سىياسىي، بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ جەنۇبقا يۆتكىلىشىگە سەۋەب بولدى. لىۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئوتتۇرا ئافرىقادا كۆچمەنلىك دولقۇنى، قورال-ياراغ، زەھەر ۋە ئاشقۇنلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى ھەمدە شىمالىي ئافرىقا بىلەن ئافرىقانىڭ قالغان قىسىملىرى ئارىسىدىكى چېگرانى تېخىمۇ تۇتۇقلاشتۇرۇۋەتتى. ئوتتۇرا شەرقتىن ياۋروپاغا كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدە سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا ئەللىرىدىن كەلگەن كىشىلەردۇر. سەھرايى كەبىر رايونىنىڭ

بارغانسېرى ئېشىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ماراكەش غەربىي ئافرىقادا ئۆزىنىڭ دىنىي نوپۇزىنى تىكلەشكە ئۇرۇنماقتا، ئالجىرىيە بولسا مالىدىكى بىخەتەرلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىشتىراك قىلماقتا.

باشقا سىياسىي ئەھۋاللارمۇ ئوتتۇرا شەرقنى بىر پۈتۈن جۇغراپىيەلىك رايون دەپ قاراشنىڭ نابابلىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، ئىران بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستان ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ شىمالىي ئافرىقا ئۈچۈن ئانچە زور ئەھمىيىتى يوق. 2017 ـ يىلى بۇ رايوندىكى بىر قانچە دۆلەت قاتارنى قامال قىلغاندىن كېيىن، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۆرەش قوشنا ئەرەب دۆلەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا، ھەتتا ئامېرىكادىمۇ قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش رىقابەتلىرىگە ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور كۆلەملىك توقۇنۇشلار مەزكۇر رايون (يەنى «ئوتتۇرا شەرق»)نىڭ تەسەۋۋۇردىكى جۇغراپىيەلىك چېگراسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. لىۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش مالى ۋە ئافرىقادىكى باشقا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. سەئۇدىي ئەرەبىستان 2015 ـ يىلى يەمەندىكى ھۇسىي ئىسيانچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزگەندە ئۆزى بىلەن بىر يولدىكى ئەرەب ئەللىرىدىنلا ياردەم تەلەپ قىلىپ قالماستىن، ئۆزىنى بازا ۋە ئەسكەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېرترىيە، پاكىستان ۋە سۇداندىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ھۇسىي قوراللىق كۈچلىرىگە قارىتىلغان دېڭىز قامالى جەريانىدا، سومالىي يېرىم ئارىلىدا ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى بەرپا قىلدى، جۈملىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا قارىغاندا ئافرىقاغا بەكرەك يېقىن بولغان، مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا جايلاشقان سوكوترا ئارىلىدا ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ چىقتى. گەرچە يەمەندىكى توقۇنۇش ئىزچىل ھالدا تىپىك «ئوتتۇرا شەرق»نىڭ ئۇرۇشى دەپ قارىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ توقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتى مەزكۇر رايوننىڭ تەسەۋۋۇردىكى چېگراسىغا سوئال تاشلىماي تۇرالمىدى.

## تېز ئۆزگىرىۋاتقان بازارلار

يېقىنقى سىياسىي ئەھۋاللار كونا «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەرگىنىدەك، چوڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلماقتا. 1950 ـ يىللاردىن 1980 ـ يىللارغىچە بولغان مەزگىلدە، نىسبەتەن نامرات ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىگە يۆتكىلىشى بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش شەكىللەندۈرگەن، جۈملىدىن بۇ ئىشچىلار تۇپىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىگە پۇل ئەۋەتىشى مىسىر ھەمدە لىۋانت رايونىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىرەسمىي ئىقتىسادىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانىدى. لېكىن، 1990 ـ يىلى ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتتە پەلەستىنلىك ۋە يەمەنلىك ئىشچىلار ساداقەتسىز دەپ قارىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن تېخىمۇ «بىخەتەر»

بولغان جەنۇبىي ئاسىيالىق ئىشچىلار كۆچمەن ئەرەب ئىشلەمچىلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ يۈزلىنىش پارس قولتۇقى رايونى بىلەن ھىندى ئوكياندىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارس قولتۇقى رايونى بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

يەنە شۇنىڭدەك، ئەرەب تاراتقۇلىرى تېما جەھەتتىكى بىردەكلىكنىمۇ يوقاتتى. تاكى 2011-يىلغىچە —— ھەتتا ئەرەب ئەللىرىدىكى ئىسيان مەزگىللىرىدىمۇ —— «ئەرەب سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى» (پۇتكۈل رايون مىقياسىدىكى) ئەرەب ئاممىسى ئارىسىدا ئورتاق كۆلتۈر شەكىللەندۈرۈشكە كۈچىگەنىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، ئەرەب تاراتقۇلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلىتىگە خاس يول تۇتۇشقا باشلىدى ۋە بۇ مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن، «ئەلجەزىرە» 1990-يىللاردا، شۇنداقلا بۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئەرەب ئاممىۋى سىياسىتىنىڭ ئورتاق سۆپىسى بولغان بولسا، 2011-يىلدىن كېيىن ئۇ پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «روتانا تاراتقۇ گۇرۇھى»، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى «ئەلئەرەبىيە» ۋە ئىراندىكى ئەرەب تىللىق «ئەلئەلەم» قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپباز ئەرەب تاراتقۇلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ خىل تاراتقۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكىلەر تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنماسلىقى، بۇ رايوندىكى سىياسىي كۆپ قۇتۇپلىشىشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. بىر مەھەل ئەرەب خەلقىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولىدىغان كۈچ سۈپىتىدە قارالغان ئىجتىمائىي تاراتقۇلارمۇ ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن ئۆز ئىدىئولوگىيەسىنى بازارغا سالىدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى.

## دۇبەي باغداتقا ئەمەس، سىنگاپورغا ئوخشايدۇ

ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، يەرشارى پۇل مۇئامىلە بازىرى كۇۋەيت، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ باي دۆلەتلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتتى. بۇلارنىڭ غەربنىڭ ئۆي-مۈلۈك ۋە تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىغا زور مىقداردا مەبلەغ سالغانلىقىنى، ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەردىكى ئەرەب بولمىغان مۇلازىمەتچىلەر ۋە غەربلىكلەرنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ يەرلەرنى «ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى» ئەمەس، بەلكى يەر شارى كاپىتالىزمىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇپ قالدى. دۇبەي بېيرۇت بىلەن باغداتقا ئەمەس، بەلكى سىنگاپور بىلەن خوڭكوڭغا تېخىمۇ بەكرەك ئوخشاپ قالدى. ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى بۇ خىل خەلقئارالىق باغلىنىش پات ئارىدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىدە ھەر قانداق ئەنئەنىۋى رايون

خاراكتېرلىك مۇھىم كۆنتەرتىپلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىشى، مەسىلەن ئۇلارنى ئاسىياغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشى ياكى ئۇلارنى دېموكراتىك غەرب ئەللىرىدىكى سايلامغا مۇداخىلە قىلىشقا ئۈندىشى مۇمكىن.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلگىرى بىر مەھەل ئەرەب دۇنياسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى ئوينىغان ئىسرائىلىيە ـ پەلەستىن توقۇنۇشىنىڭ (مەزكۇر رايوندىكى) ئەھمىيىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. ئىسرائىلىيەنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان ئولتۇراقلىشىش قىلمىشلىرىغا قارشى بايقۇت قىلىش، مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە جازالاش ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكىدىن بەكرەك، ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىدە قىزىقىش قوزغىماقتا. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەلەستىن مەسىلىسى ئەرەب ئەللىرىدە ئىلگىرىكىدەك قوللاشقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ، بەھرەيىن بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ **2020** ـ يىلىدىكى «ئىبراھىم كېلىشىمى» ئارقىلىق ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇش قارارى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

## بىزنىڭ تەبىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىرى مۇھىمدۇر

بىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، **75** يىلدىن بۇيان، بىز بىلىدىغان «ئوتتۇرا شەرق» ئاساسەن ئامېرىكا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان قۇرۇلما بولۇپ كەلدى. شۇنداقلا، بۇ مەزگىلنىڭ كۆپ قىسمىدا، ئامېرىكانىڭ «ئوتتۇر شەرق» تەبىرى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، چۈنكى ۋاشىڭتوننىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇھىم كۆنتەرتىپلىرى بۇ رايوننىڭ سىياسىتىگە زور تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. ئامېرىكا **1956** ـ يىلىدىكى «سۇۋەيش كرىزىسى»دە فرانسىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ رايوندىكى ئاساسلىق غەرب دۆلىتىگە ئايلانغاندىن باشلاپ، **1989** ـ يىلى بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەنگە قەدەر، ۋاشىڭتوننىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەسى ئىتتىپاقداشلىق ۋە مۇداخىلىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. **1990~1991** ـ يىللىرىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئامېرىكا بېكىتكەن، بارلىق ئىشلارغا ئامېرىكا قول تىقىدىغان رايون (يەنى «ئوتتۇرا شەرق») تەرتىپىنى مۇستەھكەملىدى. ئامېرىكا «ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە تىنچلىق مۇساپىسى»نى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزدى. شۇنداقلا، «مادرىد يىغىنى»، «ئوسلو كېلىشىمى» ھەمدە ئىران بىلەن ئىراقنى «قوش چەكلەش» (**Dual containment**) قاتارلىقلار ئارقىلىق پارس قولتۇقىنىڭ گېئوپولىتىكىسىنى بەلگىلىدى.

لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكانىڭ يەرشارىدىكى ئورنى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنلىدى ـ دە، ئاساسەن ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەشكىللەنگەن رايون (يەنى «ئوتتۇرا شەرق»)نىڭ بىر گەۋدىلىكىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاجىزلاشتى. **2003** ـ يىلى ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشتەك ئاپەت خاراكتېرلىك قارارنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، ئۇدا ئۈچ نۆۋەتلىك ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرققە بولغان باغلىنىشىنى ئازايتىپ، ئاسىياغا يۈزلىنىش ئۈستىدە كاللا قاتۇردى. «ئامېرىكا (ئوتتۇرا شەرقتىن) چېكىنىپ چىقىۋاتىدۇ» دەپ قارىلىشقا

ئەگىشىپ، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى رايون تەبىرىنى ئوتتۇرا قويۇشتى. پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى ھىندى ئوكيانىنى مەركەز قىلغان تەرتىپكە يۈزلەنگەن بولسا، شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرى سەھرايى كەبىر رايونىدىن ھالقىغان تەرتىپكە يۈزلەندى. لېكىن، بۇ ئەنئەنىۋى تۇقۇنۇش رايونلىرىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئىران ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىلىك تورى ۋە تەسىرىنى ئىراق، لىۋان، سۈرىيە ۋە يەمەن قاتارلىق خانىۋەيران بولغان دۆلەتلەرگە كېڭەيتتى ھەمدە ئىسرائىلىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان كەسكىن رىقابەتكە پېتىپ قالدى. ئەمما، ئىرانمۇ رايوندىكى رەقىبلىرىگە ئوخشاشلا، ئافرىقادىكى پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىشكە، شۇنداقلا ئاسىيا دۆلەتلىرى ــــ بولۇپمۇ خىتاي ــــ بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئامېرىكا يەنە ئوتتۇرا شەرقكە ئۆزىدىن باشقىچىراق قارايدىغان خىتاي بىلەن رىقابەتلىشىشكە مەجبۇر. خىتاينىڭ «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرى ئامېرىكانىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان. خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارس قولتۇقىدىكى ئېنېرگىيە مەنپەئەتىنى ۋە ئافرىقادىكى مەۋجۇتلۇقىنى زورايتتى. ئۇ پارس قولتۇقى دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتار كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ، سىياسىي ئامىللارنى سۇسلاشتۇرۇش ھەمدە زېھنىنى ئۇل مۇئەسسەسەگە ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىران بىلەن ئەرەب قولتۇقى دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ھاڭنى كىچىكلىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان مەۋجۇتلۇقى بۇ يەردىكى نېفت ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە باشقا شەكىلدىكى ھەمكارلىقلارنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ئىستىقبالىنى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما ۋاشىڭتون ئۆزىنىڭ رايون مەنپەئەتى بىلەن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىنىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا، ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈش خەۋپىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئەگەر ئامېرىكالىق تەتقىقاتچىلار، تەھلىلچىلەر ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئوتتۇرا شەرقنى يەككە جۇغراپىيەلىك رايون دەپ قارىۋېلىشنىڭ ئورنىغا، «‹ئوتتۇرا شەرق› تۈرلۈك دۆلەتلەر ۋە خەلقلەردىن شەكىللەنگەن ئېقىشچان بىرىكمىدۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھوقۇق كۆرەشلىرى مەزكۇر دۆلەت ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن تونۇشقا كەلسە، يېقىنقى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇنچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوقلۇقىنى بايقىغان بولاتتى. ئەنئەنىۋى «ئوتتۇرا شەرق» رامكىسىدىن ھالقىپ تەپەككۇر قىلىش ئامېرىكانى بىۋاستە تەھلىل خاراكتېرلىك ۋە ئىستراتېگىيەلىك نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۇنتۇلغان تارىخنى ئەسكە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر رايوننىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رېئاللىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

لېكىن، رايون ھالقىغان مېتودنىڭمۇ خەتىرى بار. مەسىلەن، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ (ماقالىدە باش تەرىپىدە قەيت قىلىنغان) تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىنى قوللانغاندا، ئامېرىكانىڭ ئۆتكەن يىگىرمە يىلدىكى، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولغان «بىخەتەرلىكنى مەركەز قىلىش ئىستراتېگىيەسى» يەنە تەكرارلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭ

بىر پاجىئە بولىدىغانلىقى شەكسىز. ئەمما، رايون ھالقىغان كۆز قاراش تەتقىقاتچىلار ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ كونا ئەندىزىلەردىن قۇتۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپلا قالماستىن، ئامېرىكانىڭ چەتئەللەردە تەرەققىياتنى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنى قايسى رەۋىشتە ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىغىمۇ شارائىت ھازىرلايدۇ. ئۇ ۋاشىنگتوننىڭ ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى كۆچمەنلەر كرىزىسىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشىغا، شۇنداقلا دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ لىۋىيە ۋە يەمەندىكى ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇشلارغا بولغان ئىنكاسىنى تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

بۇ رايون توغرىسىدا ۋاقتى ئۆتكەن ئۇقۇملارغا ئېسىلىۋېلىش ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى غوللۇق كۈچلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ۋە مەنپەئەتىگە بولغان تونۇشىنى بۇرمىلىۋېتىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇپ ئويلىۋېلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، جۇغلانغان كەسپىي بىلىملەر، زور دەرىجىدە ئىچكىيلەشكەن تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بيۇروكرات قۇرۇلمىلارنىڭ توسقۇنلۇقى سەۋەبلىك، مەۋجۇت «ئوتتۇرا شەرق» رامكىسىدىن ھالقىپ تەپەككۇر قىلىش تەسكە توختايدۇ. لېكىن، خەلقئارا كۈچلەرنىڭ ۋە رايون (ئوتتۇرا شەرق) رېئاللىقىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى (دىنامىكىسى) ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن غوللۇق دۆلەتلەرنىڭ ئورنىنى قايتىدىن بېكىتتى-دە، ئۇلار ئامېرىكانىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەبىرىنى ئاساس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، ئامېرىكا ئەمدى (ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا شەرق» تەبىرىگە ئېسىلىۋېلىشىنىڭ ئورنىغا) ئۇلارنىڭ تەبىرىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.foreignaffairs.com/articles/africa/2022-02-22/end-middle-east



# ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى

# كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلارغا نەزەر: خاككېر، ياللانما ئەسكەر ۋە ئىنسانسىز ئۇچقۇلار

## «گېرمانىيە ئاۋازى» ھۆججەتلىك فىلىم قانىلى

2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇكرائىنانىڭ كىيېۋ شەھىرىدىكى «لىنكوس گۇرۇھى»نىڭ كومپيۇتېرلىرى تۇيۇقسىزلا ئېتىلىپ قالدى ۋە ئارقىدىنلا ئېكراندا (كېسىشتۇرۇلگەن ئىككى يىلىك سۆڭەكنىڭ ئۈستىگە باش سۆڭىكى چۈشۈرۈلگەن) خەتەر بەلگىسى پەيدا بولدى. دەسلەپتە شىركەت خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇمشاق دېتالىنىڭ خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلمىغانىدى.

ئەسلىدە مەزكۇر شىركەت، شۇنداقلا ئۇكرائىنادىكى شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باجغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنى مالىيە دائىرىلىرىگە يوللاشتا ئىشلىتىپ كەلگەن «medoc» يۇمشاق دېتالى خاككېرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى.

مەزكۇر شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئولېسيا لىنىيكنىڭ (Olesya linnyk) بىلدۈرۈشىچە، ئۇ دەسلەپتە بۇ مەسىلىنى تور ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ساقچىلار پەقەتلا ئېرەنشىمىگەن. ھالبۇكى، بۇ بىپەرۋالىقنىڭ بەدىلى تولىمۇ ئېغىر بولغان. يەنى بۇ جەرياندا، خاككېرلار ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق مىليونلىغان كومپيۇتېرنى يۇقۇملاپ ئۈلگۈرگەن بولۇپ، ئۇلار تارقاتقان ۋىرۇسنىڭ ئىسمى «notpetya» ئىدى.

مەزكۇر خاككېرلىق ھۇجۇمىدا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇ ترانسپورتى شىركىتى بولمىش مارسك (Maersk) شىركىتىنىڭ ئۇكرائىنانىڭ جەنۇبىدىكى ئودېسسا شەھىرىدىكى شۆبىسىمۇ زەربىگە ئۇچراپ، مەزكۇر شىركەتتىكى 130 ئىشخانىنىڭ كومپيۇتېرلىرى پۈتۈنلەي پالەچلەنگەن ۋە خىزمەتچىلەر قەغەز ـ قەلەم بىلەن ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان.

ئەنە شۇ تەرىقىدە، «notpetya» تور ۋاباسى تەخمىنەن ئون مىليارد دوللار زىيانغا سەۋەب بولغان.

تور بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسى روبېرت لى (Robert M. Lee): «بۇ كەلتۈرگەن زىيىنى ۋە كۆلىمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تارىختىكى ئەڭ ئېغىر خاككېرلىق ھۇجۇمىدۇر» دەيدۇ.

«قۇم قۇرتى» (Sandworm) دېيىلگەن يوشۇرۇن خاككېرلىق گۇرۇھى پروگراممىلاپ چىققان مەزكۇر يۇمشاق دېتال رەسمىي بىر قورالغا ئايلانغانىدى.

2016 ـ يىلى، 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئوخشاشلا ئۇكرائىنانىڭ كىيىۋ شەھىرى، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 13 گرادۇس ئىدى. كىيىۋ شەھرىدە تۇيۇقسىزلا توك توختاپ كەتتى.

ئۇكرائىنالىق تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ئولېكسى ياسىنسكى (Oleksii Yasinskyi) ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا مەن خوتۇن ـ بالام بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىزلا توك توختاپ كەتتى. ھەم ئارىدىن بىر يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن (زىيادە سوغۇق تۇپەيلى) تۇرۇبىدىكى سۇلار مۇزلاپ، پومپىلارنى يېرىۋەتتى ۋە بۇ ئاپەتتە بۇزۇلغان جايلارنى رېمونت قىلىپ بولۇشقا ئالتە ئاي ۋاقىت كەتتى.»

ئۇكرائىنانىڭ دۆلەتلىك ئېلېكتر شىركىتى بولمىش «Ukrenergo» گۇرۇھىنىڭ خادىملىرى ئېلېكتر سىستېمىسىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ دەپ، سىستېمىدا كۆرۈلگەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. ھالبۇكى، بۇمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىدا گېپى بولۇنغان «قوم قۇرتى» خاككېرلىرىنىڭ ئىشى ئىدى.

«Ukrenergo» گۇرۇھىنىڭ مەسئۇلى سېرگېي گالاگان (Sergej Galagan) شۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇ كىشىلەرنى تونۇمايمىز، ئۇلارنىڭ كىم ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار بۇ ئىشنى ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلمىغان، بەلكى ئۇلارغا  شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن (ئالدىكىملەر تەرىپىدىن) پۇل تاپشۇرۇلغان.»

«Ukrenergo» گۇرۇھى تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ئولېكسى ياسىنسكىنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئولېكسى نۇرغۇن كومپيۇتېرلارنىڭ خاتىرە ھۆججەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئالدى بىلەن، مەزكۇر خاككېرلارنىڭ ئۇكرائىنا تورىغا سىڭىپ كىرگىنىگە بىر قانچە ئاي بولغانىدى. شۇ جەرياندا، ئۇلار ئىزچىل ھالدا شىركەتلەر ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كومپيۇتېرلىرىنى تىمىسقىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يامان غەرەزلىك يوشۇرۇن دېتالىنى، يەنى «SCADA» كونترول سىستېمىسىنى مەزكۇر كومپيۇتېرلارغا يەرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى نىشانلانغان ئورگانلارنىڭ ئەسلىھەلىرىگە بىۋاسىتە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئاندىن، مەزكۇر خاككېرلار پارتلاش ۋاقتىنى تەڭشەپ قويغىلى بولىدىغان بومبا قويغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ «2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى توك توختىتىۋېتىش» بۇيرۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كودىنى مەزكۇر سىستېمىسىغا جايلاشتۇرغان.

«بۇ شەخسلەرنىڭ قىلمىشى بولماستىن، راۋۇرۇس مەبلەغكە ئىگە، ئەتراپلىق تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇھنىڭ قىلمىشىدۇر» دەيدۇ ئولېكسى.

كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان 200 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر سىستېمىسىغا قىلىنغان مەزكۇر ھۇجۇمنى ئابىدە خاراكتېرلىك دېيىشكە بولاتتى. مۇشۇ ۋەقەدىكىدەك، ئەگەر كومپيۇتېر ۋىرۇسى ئۈسكۈنىلەرگە ۋە سىستېمىلارغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلسا، بۇ «جىسمانىي تور ھۇجۇمى» (cyber physical attack) دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ھۇجۇم قوزغاش تولىمۇ قىيىن ۋە تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ھازىرغىچە، بۇنداق

ھۇجۇملاردىن پەقەت ئۇنى يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم. شۇلارنىڭ ئۇنجىسى، **2009**-يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا، ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئىراننىڭ يادرو مۇئەسسەسەلىرىگە «**stuxnet**» ۋىرۇسى كىرگۈزگەن ۋە بۇ ۋىرۇس مەلۇم بىر ئۇران قويۇلدۇرۇش ئورنىدىكى مىڭ دانە مەركەزدىن قاچما ئاپپاراتىنى (**centrifuge**) ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ھۇجۇمنىڭ تەسىرىدىن ھاڭ-تاڭ قالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر بەس-بەستە تور قوشۇنى قۇرۇشقا باشلىغانىدى.

ھالبۇكى، «**stuxnet**» ۋىرۇسى ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى روبېرت لى ئامېرىكادا ئىشلىتىلىۋاتقان تور كونترول سىستېمىسىنىڭ ئىراندىكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، ئاشۇ خىل تور ھۇجۇمىنىڭ ئامېرىكاغىمۇ زەربە بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەرۋەقە، «قۇم قۇرتى» گۇرۇھى ئۇزۇندىن بېرى ئامېرىكانىڭ تور سىستېمىسىغىمۇ تەئەررۇز قىلىپ تۇرغانىدى. مەسىلەن، تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى جون خالتكۇيست (**John Hultquist**) **2014**-يىلىلا ئامېرىكا ئېنېرگىيە تەمىنلىگۈچى شىركەتلىرىنىڭ تور جاسۇسلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا خاككېرلارنىڭ بۇ شىركەتلەرنىڭ تورىغا سوقۇنۇپ كىرىشتە «گاز باھاسىنى بىلىپ بېقىش»نى ئەمەس، بەلكى مۇئەسسەسەلەرنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغانىدى.

گەرچە تور ھۇجۇملىرى ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈلرەڭ بەلباغدا داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ **2021**-يىلى **7**-ئاينىڭ **27**-كۈنى ئېيتقىنىدەك، بۇ خىل تور ھۇجۇملىرى رەسمىي قوراللىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن، مەسىلە شۇكى، قەيەردە پەيدا بولۇشىنى بىلگىلى بولمايدىغان رەقىب بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلماق لازىم؟

***

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۈچلۈك ئامېرىكا ئارمىيەسى قورال-ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە، ھەتتا باشقا ئون چوڭ ئارمىيەنىڭ ئومۇمىي راسخوتىدىنمۇ كۆپرەك راسخوتقا ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، تولىمۇ ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچراپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

ئالدى بىلەن، ھەربىي لاۋازىمەت ياسىغۇچىلار ئەنئەنىۋى قورال-ياراغلارنى ئېتىشتىن تولىمۇ زور نەپكە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، لوكخىدمارتىنغا (**lockheed martin**) ئوخشاش شىركەتلەر **35**-**F** دەك كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى سېتىشتىن مىليارد دوللارلاپ پايدا ئالىدۇ. **35**-**F** نى تېخنىكىلىق مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ رادارغا چۈشمەيدۇ، يەر يۈزىدىكى نىشانلارنى ئاپتوماتىك سكانىلايدۇ. ئۇ يۈكسەك توغرىلىقتا ئىگە، قىرغىن قىلىش

كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە تېز ۋە تولىمۇ «ئەقىللىق». ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ پەۋقۇلئاددە قىممەت.

ۋاشىڭتوندىكى جورجتاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى شان ماكفېيت (Sean McFate) بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «F ـ 35 كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىنى تەتقىق قىلىپ پۈتتۈرۈشكىچە بولغان پروگراممىغا جەمئىي بىر تىرىلليون 500 مىليارد دوللار سەرپ قىلىنغان. لېكىن، مەزكۇر كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. مەسىلەن، ئۇ رۇسىيەنى ياكى خىتاينى قورقىتالمىدى. ئىراق ۋە ئافغانىستاندا ئامېرىكا ئارمىيەسىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلمىدى. لېكىن، بىز يەنىلا مۇشۇ خىل (قوللىنىشچانلىقىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماستىن، باھاسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان) قوراللارنى تۈركۈملەپ سېتىۋېلىۋاتىمىز. ھالبۇكى، F ـ 35 كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن.»

ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، پەۋقۇلئاددە ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان ئامېرىكا ئارمىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئافغانىستاندا ۋە ئىراقتا ئۇرۇش قىلدى ھەمدە دەسلەپتە «غەلىبە» قازانغاندەك كۆرۈندى.

لېكىن، ئاخباراتچى جېرېمي سكاخىل (Jeremy Scahill) بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ ‹قۇدرىتى›نى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، تانكىلارنى ھەيدىگەن ھالدا ئىراق چېگراسىدىن ئۆتۈپ، باغدادقىچە بېسىپ كىرىپ، سادام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى، شۇنداقلا 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سادامنىڭ ھەيكىلىنى يىقىتىش بىلەن ئۇلارنىڭ تەنتەنىسى ئەۋجىگە چىقتى. ھالبۇكى، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدىكى بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ‹نومۇر› ئىدى، خالاس.»

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج بۇشنىڭ «ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىز غەلىبە قىلدى» دېگەن جاكارى نەق مەيداندىكىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى قارشىلىق ۋە تالاپەتلەر تۈپەيلى، ئامېرىكا بۇ خىل سۈنئىي تەنتەنىسىنىڭ داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل يولدىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى:

1. ئىراق ۋە ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ، بۇ يەرنى «ئىسيانچى»لارغا تاشلاپ بېرىش.

2. ياكى ۋيېتنامدا قىلغاندەك، پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەرلىك قىلىپ، مەزكۇر رايوننى بېسىۋېلىشقا يەتكۈدەك مىقداردا كۆپ ئەسكەر توپلاش.

3. ئامېرىكا ئارمىيەسى تولدۇرالمىغان بۇ ھاڭنى خۇسۇسىي ياللانما ئەسكەرلەر ئارقىلىق تولدۇرۇش.

ۋەھالەنكى، مەزكۇر ئۈچىنچى تاللاش شۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى خۇسۇسىي ياللانما ئەسكەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سۈرىيە ۋە ئىراقتا ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ياللانما ئەسكەرلەرنىڭ سانى 4800 گە يەتتى.

«ئامېرىكا ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن خۇسۇسىي شىركەتلەرگە تايانمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى، بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدۇر» دەيدۇ پروفېسسور شان ماكفېيت.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى «يېلپىز زەربىدارلار ئەترىتى»نىڭ سابىق خادىمى ئېرىك پىرىنس (eric prince) بۇ جەھەتتە پۇرسەت بارلىقىنى بايقاپ يەتتى ـ دە، ئۇنىڭ «قاراسۇ» (Blackwater) ناملىق شىركىتى ئىراقتا شەخسلەرنى قوغداش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ شىركەتنىڭ ئىشلىرى شۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى.

«ناھايىتى تېزلا، (ئامېرىكانىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن پرېزدېنتى) دىك چېينى (Dick Cheney) قويۇق مۇناسىۋەتتى بار بولغان ئېرىك پىرىنس ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان، لېكىن ھۆكۈمەت بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقسا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى، ئامېرىكا ئارمىيەسى بۇنداق بىر ھەرىكەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزلىرى قىلىشقا موھتاج بولغان، ئەمما بىۋاستە قول تىقالمايدىغان ئىشلارنى قىلغۇزالايتتى ۋە بىرەر ئىش چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالايتتى. ئىراق ئۇرۇشىدا، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولمىش ئامېرىكا <دۆلەت ئۆز ئىچىدىكى كۈچلەرنىڭ تەشكىللىك قوللىنىلىشىغا قارىتا ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس> دېگەن ئۇقۇمنى رەسمىي يوللۇقلاشتۇردى ـ دە، ھەتتا ئامېرىكالىق باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ پۇلى بىلەن ھەربىي ئىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولغان سابىق ئامېرىكا ئەسكەرلىرىمۇ كىم پۇلنى جىق بەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىسە بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى» دەيدۇ جېرېمىي سكاخىل.

مەسىلەن، يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پروفېسسور شان ماكفېيت 1990 ـ يىللاردا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىدە پاراشوتچى ئەسكەر بولغان ۋە ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندى. ھالبۇكى، ئۇ چارەكلىك ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسىدىكى بىرەيلەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، «ئەۋزەل شەرتلەر» بەدىلىگە، خارۋاردىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ، بۇرۇندىغا (بۇرۇندى ـــ ئافرىقادىكى بىر دۆلەت، ت) بېرىپ، يەرلىك ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغان ۋە ئۇلار تېكساس شەھرىدە تەپسىلىي سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ماكفېي خارۋاردتىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ، بۇرۇندىغا بېرىشقا ماقۇل بولغان. ئاندىن، ئۇ مەلۇم بىر خۇسۇسىي ھەربىي شىركەتنىڭ خادىمى سۈپىتىدە، بۇرۇندىدا ئامېرىكاپەرەس يەرلىك قوشۇن تەشكىللەش ئىشلىرىغا قاتناشقان.

پروفېسسور ماكفېيت: «بۇ ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىۋاستە قول تىقىشنى خالىمايدىغان ۋەزىپە ئىدى» دەيدۇ.

مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پروفېسسور شان ماكفېيت ئەينى چاغدا بۇرۇندىنىڭ (ئامېرىكاغا مايىل) پرېزدېنتىغا قارىتىلغان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىنى بىتچىت قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ مۇشۇ خىل بىرەسمىي يالالنىما ئەسكەرلەرگە بارغانسىرى تايىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا، ئاخباراتچى جېرېمىي سكاخىل شۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ رەسمىي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى چوقۇم جاكارلانمىسا، ئۇلار ئۈچۈن ھەربىي تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىسە، ئۇلارنىڭ جەسىتى دۆلەت بايرىقى يېپىلغان تاۋۇتلاردا ئامېرىكاغا يۆتكەپ كېلىنمىسە بولمايدۇ. لېكىن، يالالنىما ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىگە ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ.»

شان ماكفېيت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھەربىي شىركەتلەردە ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى كەچمىشلىرى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۆكۈمەتنىڭ چاتاق چىققان تەقدىردە، مەسئۇلىيەتتىن قاچالاش ئۈچۈن مەندىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، مەن بەزىدە پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلاتتىم ۋە ئامېرىكا ھەرقاچان مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيلا، مېنى تاشلىۋېتەلەيتتى. ئامېرىكا دائىرىلىرى بۇنى (ئاسانلا يېپىنى ئۈزۈۋەتكىلى بولىدىغان) <لەگلەك ھەرىكىتى> دەپ ئاتىشىدۇ.»

يالالنىما ئەسكەر ئىشلىتىشىنىڭ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ كېتىشىگە دەل مۇشۇ خىل «تېنىۋالغىلى بولۇش» خۇسۇسىيىتى سەۋەب بولغان.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، ئىراق ۋە ئافغانىستاندا ئامېرىكا قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن سابىق ئەسكەر ئايران سېس بېرىي (**airan seth berry**) **2019** ـ يىلى يالالنىما ئەسكەر سۈپىتىدە، ۋېنېزۇئېلادا مەۋجۇت مادۇرو ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئامېرىكاپەرەس ئاتالمىش ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ پرېزىدېنتى ۋان گايدونى (**juan guaido**) تەختكە چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان مەخپىي ھەرىكەتكە قاتناشقان. لېكىن، ۋېنېزۇئېلا ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات تورى ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتتىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان بولغاچقا، بۇ ھەرىكەتنى دەرھال بىتچىت قىلغان. ھەتتا، ئايرون ۋە ئۇنىڭ سابىق سەپدىشى بولغان جوردان ئىسىملىك يەنە بىر يالالنىما ئەسكەرنىڭ كىملىك ئۇچۇرلىرى ۋېنېزۇئېلا تېلېۋىزىيە قانالىرىدا خەۋەر قىلىنغان.

ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ: «بىز بۇ ھەقتە ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدۇق، لېكىن بۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق» دېگەن.

كېيىن، ئايرون ۋېنېزۇئېلادا يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. يەنى، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ۋەزىپىگە قاتناشقان بۇ يالالنىما ئەسكەرلەر ئۆز دۆلىتى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن.

ھالبۇكى، يالالنىما ئەسكەرلەر ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەگە ئوخشاش دۇنيادىكى ئەڭ زور ھەربىي كۈچكە ئىگە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ رەسمىي ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتمەسلىكىدىمۇ زور «ئىجابىي» رول ئوينىغان.

مەسىلەن، **2018** ـ يىلى، فىرات دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى نېفىت زاپىسى مول رايونلار ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ كۇرد ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. دەريانىڭ غەربى بولسا رۇسىيە بىلەن ئىراننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بەشەر ئەسەد ھاكىمىيىتىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. **2018** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **7** ـ كۈنى، رۇسىيەنىڭ داڭلىق يالالنىما ئەسكەر

شىركىتى بولمىش «ۋاگنېر» (wagner) گورۇھىنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ياللانما ئەسكىرى فىرات دەرياسىدىن ئۆتكەن ۋە ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ھالبۇكى، ئامېرىكا بۇ ھۇجۇمنى باشلاشتىن ئىلگىرى، رۇسىيە دائىرىلىرىگە خەۋەر قىلغان. شۇ چاغدىكى ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرى جېيمىس مەتىسنىڭ (James Mattis) ئېيتىشىچە، رۇسىيە دائىرىلىرى: «ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئەمەس» دېگەن ۋە ئامېرىكانىڭ مەزكۇر ھۇجۇمىدىن كېيىنمۇ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ھېچقانداق دىپلوماتىك سۈركىلىش چىقمىغان. يەنى ھەر ئىككى دۆلەت ئۆلتۈرۈلگۈچىلەرنىڭ «ياللانما ئەسكەر»لەر ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، مەسىلىنى جىمجىتقىنە بېسىقتۇرۇۋەتكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ياللانما ئەسكەرلەرنى «باش قەھرىمان» قىلغان ۋاكالەتچىلىك ئۇرۇشلىرى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلانماقتا.

***

ھالبۇكى، زامانىۋى ئۇرۇشلاردىكى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا ئەڭ رەھىمسىز يېڭىلىقلاردىن يەنە بىرى ئىنسانسىز ئۇچقۇلاردۇر.

2012-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى، يەمەننىڭ شەرقىدىكى ھەزرىمەۋت ۋىلايىتىدىكى خاشەمىر بازىرىدا ئىنسانسىز ئۇچقۇدىن قويۇپ بېرىلگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەرلىك ئىمام سالىم ئىبنى ئەلى جابىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان.

ئۆلتۈرۈلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئادۋوكاتى ئامېرىكا ئىنسانسىز ئۇچقۇچىلىرىنىڭ نېمىشقا شۇ ۋاقىتتا، شۇ جاينى بومباردىمان قىلغانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خېلىغىچە بۇنىڭ ئېنىق جاۋابىنى ئالالمىغان.

بۇنىڭ يانفوندىكى تېلېفون سۆزلىشىش ۋە ئورۇن بەلگىلەشكە ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا تايانغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «(سالاھىيەتنى ئەمەس) خۇسۇسىيەتنى نىشان قىلغان ھۇجۇم» (signature strike) بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىدى.

مەزكۇر ئائىلىنىڭ ئادۋوكاتى جېنىفېر گىبسون (Jennifer Gibson) بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۇجۇملار كىشىلەرنىڭ بىلىنگەن سالاھىيىتىنى ياكى ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلمىش ئەندىزىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى، ئاتالمىش <خۇسۇسىيەتنى نىشان قىلغان ھۇجۇم>دا ئىنسانسىز ئۇچقۇلار ئۆزلىرىنىڭ زادى كىمگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ.»

تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىنسانسىز ئۇچقۇلار ئۇچۇن، كىمنىڭ «دۈشمەن» ئىكەنلىكى ھۇجۇم نىشانلىرى توغرىسىدىكى كونكرېت ئىستىخبارات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى نازارەت قىلىش سانلىق مەلۇماتلىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. يەنى كومپيۇتېر سىستېمىسى يانفون ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى **SIM** كارتىسىنى مەنبە قىلغان ھالدا «گۇمانلىق قىلمىش ئەندىزىسى»نى باھالاپ چىقىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق «خەتەرلىك» دەپ بېكىتىلگەن نىشانغا زەربە بېرىلىدۇ. نەتىجىدە، مۇقەررەر ھالدا، بىگۇناھ كىشىلەر دائىم بۇ خىل زەربىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

كېيىن ئېگىلىنىشىچە، شۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: سالىم ئىبنى ئەلى جابىر مەسجىدتىكى خۇتبىلىرىدە تەنقىدلىگەن مەلۇم بىر قوراللىق گۇرۇھنىڭ ئۈچ نەپەر ئەزاسى ئالللقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلى خاشەمىر بازىرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان. ياش ساقچى ۋەلىد ئىبنى ئەلى جابىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، سالىم ئىبنى ئەلى جابىرنى قوغداش مەقسىتىدە، ھېلىقى ئۈچەيلەن بىلەن كۆرۈشكىلى بىللە بارغان. ھالبۇكى، ئۇ ئىككىلىسى ھېلىقى ئۈچەيلەننىڭ ئامېرىكا ئىنسانسىز ئۇچقۇلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. نەتىجىدە، ۋەلىد ۋە سالىم ئىككىيلەن ھېلىقى ئۈچەيلەن بىلەن كۆرۈشكەن ھامان، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىنسانسىز ئۇچقۇلىرى ئۇلارنى بومباردىمان قىلغان.

جېرېمىي سكاخىلنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە ئامېرىكا قاتارلىق ئىنسانسىز ئۇچقۇغا ئىگە دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ھۇجۇملاردا تۈرلۈك قوراللىق گۇرۇھلارغا تەۋە «تېرورچى»لارنى بىتچىت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسىمۇ، لېكىن بىر قوراللىق ئۇنسۇرنى ئۆلتۈرۈش جەريانىدا، ئون بىگۇناھ پۇقرانىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن.

ئېگىلىنىشىچە، **2002** ـ يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ئارمىيەسى يەمەندە جەمئىي **300** قېتىمدىن ئارتۇق ئىنسانسىز ئۇچقۇ ھۇجۇمى قوزغىغان بولۇپ، شۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى دونالد ترامپىنىڭ دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان.

نۆۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا كەم دېگەندە **18** دۆلەت قوراللىق ئىنسانسىز ئۇچقۇ ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل ئاپتوماتىك ئۇچقۇلار يىراقتىن كونترول قىلىنىدۇ ۋە بەزىدە ئىنسانلارنىڭ قارار چىقىرىشىنى كۈتمەستىنلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، خاككېرلىق، يالالنما ئەسكەر ۋە ئىنسانسىز ئۇچقۇلار زامانىۋى ئۇرۇش ئەندىزىسى بولمىش «ۋاكالەتچىلىك ئۇرۇشلىرى»نىڭ ئەڭ يارقىن خۇسۇسىيەتلىرىگە ئايلاندى.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=MZ60UDys_ZE



مىسلىسىز ئويغىنىش
كۆن نۇردىن خالىي قىلىش
كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدۇر
ئۈمىد ئاقتاش

# كۆن نۇرىدىن خالىي قېلىش كېسەللىكىنىڭ باشلىنىشىدۇر

دوكتور ئۇمىت ئاقتاش

تولىمۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىقلاردىن بىرى شۇكى، ئاپتاپنى قارىلاش تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسىدە، ئاپتاپتىن شىپا ئىزدەيدىغان ياخشى ئادىتىمىز خېلىدىن بېرى تاشلىنىپ قالدى. يىللارچە ئاپتاپتىن قېچىش سەۋەبلىك، بەدىنىمىزدىكى ۋىتامىن D كەملەپ كېتىپلا قالماستىن، سان ـ ساناقسىز كېسەللىكلەر بىزگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

هازىر كىشىلەر ئاپتاپتىن ساقلىنىش مايلىرىنى سۈرمەستىن ساھىللارغا بارماس بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭغا سالامەتلىك ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بولغان «ئاپتاپنى قارىلاش مۇجادىلىسى» سەۋەب بولغان. لېكىن، دەۋا قىلىنغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، كىشىنى كېسەل قىلىۋېتىدىغىنى ئاپتاپسىنىش ئەمەس، بەلكى ئاپتاپتىن قېچىشتۇر.

بىر قاتار تەتقىقاتلار يېقىنقى يىللاردا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققان راك كېسەللىرىگە سەۋەب بولغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرىنىڭ «ئاپتاپ دۈشمەنلىكى» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىشنىڭ مەسخىرىلىك تەرىپى شۇكى، بۇنىڭدىن ئالاھەزەل ئوتتۇز يىل ئىلگىرى «ئاپتاپ دۈشمەنلىكى» تەرغىباتىنى باشلىغانلارنىڭ مەقستى كىشىلەرنىڭ تېرە راكى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. لېكىن، تېرە راكى ئازايمىدى، ئەكسىچە تۈرلۈك راكلارغا گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشتى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، شۇنچە يىل مابەينىدە ۋىتامىن D نىڭ مۇھىملىقى ھەمدە ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ۋىتامىن D نى بىرىكتۈرۈش (synthesize) ئۈچۈن ئاپتاپقا موھتاج ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

يېنىمغا كەلگەن بىمارلارغا قارىتا ئەڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەر قاتارىدا، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ۋىتامىن D مىقدارىنىمۇ تەكشۈرىمەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك ۋىتامىن D مىقدارىنى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن دېيىشكە بولىدۇ. يېمەكلىكلىرىمىزدە ئىلگىرىكىدەك مول ۋىتامىن D قالمىغانلىقىنى ھەر دائىم تەكىتلەپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، «ئاپتاپ دۈشمەنلىكى» بۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ۋىتامىن D ئەسلىدە ۋىتامىن بولماستىن، ئاپتاپ ئارقىلىق قوزغىتىلىدىغان ھورموندۇر. شۇ ۋەجىدىن، سىز ۋىتامىن D مىقدارى پەۋقۇلئاددە مول يېمەكلىكلەرنى يېگەن تەقدىردىمۇ، بەدىنىڭىز ئاپتاپ كۆرمىسە، يېگەنلىرىڭىزنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئەكسىمۇ كۈچكە ئىگە. يەنى، دائىم ئاپتاپسىنىپ تۇرغان

تەقدىردىمۇ، يېمەكلىكىڭىزدە يېتەرلىك مىقداردا ۋىتامىن D بولمىسا، بۇ ئاپتاپنىڭمۇ سىزگە ھېچقانچە پايدىسى بولمايدۇ. بۇ يەردە گېپى بولۇنۇۋاتقان ۋىتامىن D شۇ قەدەر مۇھىم بىر ھورمونكى، ئۇنىڭ بەدىنىمىزدىكى ئۈچ مىڭ گېنغا، يەنى بارچە گېنىمىزنىڭ ئون پىرسەنتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى مەلۇم.

2006-يىلى ۋىتامىن D بىلەن راك كېسەللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلغان تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئاخىرىدا، مەزكۇر تەتقىقاتتىن: «نوقۇل ھالدا ۋىتامىن D مىقدارىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىقلا، ئاتمىش پىرسەنت راك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان. بۇ گەپنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ۋىتامىن D زاپىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاشقازان ئاستى بېزى راكى، تۇخۇمدان راكى، مەزى بېزى راكى، ئۆپكە راكى ۋە تېرە راكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 خىل راكقا قارشى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلىنىش چارىسىدۇر. بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئىشنىڭ مەسخىرىلىك تەرىپىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن: بىز «تېرە راكىدىن ساقلىنىش» نامىدا جان-جەھلىمىز بىلەن ئاپتاپتىن قېچىپ يۈرۈپ، تېرە راكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق راك كېسەللىرىنى چىللاپ كەلدۇق.

### ئاپتاپ كىرمىگەن ئۆيگە كېسەل كىرىدۇ

ئەڭ قىممەتلىك ۋىتامىن D مەنبەسىدىن (يەنى ئاپتاپتىن) مەھرۇم قېلىشنىڭ بەدەللىرى ئەلۋەتتە راك كېسىلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئاپتاپسىز ھايات نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى خالىغانچە ئەۋج ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كونىلاردا «ئاپتاپ كىرمىگەن ئۆيگە كېسەل كىرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. نەچچە مىڭ يىللىق ئىلىم بىرىكمىسىنىڭ جەۋھىرى بولمىش بۇ سۆزنى تېخىمۇ تەپسىلىيراق ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، شۇنداق دەيمىزكى، ئاپتاپسىز قالسىڭىز:

ئىممۇنىتېت كۈچىڭىز زەئىپلىشىدۇ

چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولىسىز

راك كېسىلى بولىسىز

سۆڭىكىڭىز شالاڭشىيدۇ

بالىڭىزنىڭ سۆڭەكلىرى ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ

يۇقىرى قان بېسىمغا گىرىپتار بولىسىز

يۈرەك كېسەللىكلىرى قوزغىلىدۇ

رېماتىزم بولۇپ قالىسىز

سىلەرگە بۇ يىل ئۈچىنچى ئايدا «Internal Medicine» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقات توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. شۋېتسىيەلىك تەتقىقاتچىلار يېشى 25 تىن 64 كىچە بولغان 26 مىڭ كىشىنىڭ ئاپتاپسىنىش

ئادىتىنى يىگىرمە يىل ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلغان. ئەسلىدە بۇ تەتقىقاتتا ئاپتاپقا ئالاقىدار خەۋپ ئامىللىرىنى سىلىشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن. ئەسلىدىنلا، (ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش) تېرىسىنىڭ رەڭگى سۇس كىشىلەر ئاپتاپقا كۆپ قاقلىنىپ قالسا، جانغا زامان تېرە راكلىرىدىن بىرى بولغان «قارا ئۆسمە» (مېلانوما) بولۇپ قېلىشى خەۋپى ئېشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان «ئاپتاپ دۈشمەنلىكى»نىڭ چىقىش نۇقتىسىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. بوپتۇ، ئاپتاپتىن قېچىپ يۈرۈپ تېرە راكى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئازايتتۇقمۇ دەيلى، ئۇنداقتا ۋىتامىن D يېتەرسىزلىكىدىن مەنبەلەنگەن باشقا خەۋپ ئامىللىرىچۇ؟ مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، دائىم ئاپتاپسىنىپ تۇرغان كىشىلەر تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن؛ ئاپتاپتىن قېچىپ يۈرگەنلەرنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە راك كېسلى سەۋەبلىك ئۆلۈش خەۋپى خېلىلا ئېشىپ كەتكەن. ھەتتا، مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىدا: «ئاپتاپتىن مەھرۇم قېلىش ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ تاماكا چەككەنچىلىك خەتەرلىكتۇر» دېيىلگەن.

## ئاپتاپقا ئالاقىدار يېڭى بايقاشلار

ئاپتاپ توغرىسىدا ئانچە بىلىنمىگەن بىر نۇقتىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. 2013 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلگەن بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتاپ تېرىگە تەگكەندە، ئىنسان ۋۇجۇدى ۋىتامىن D بىرىكتۈرۈپلا قالماستىن، نىترىي ئوكسىدىمۇ (nitric oxide) ئاجرىتىپ چىقىرىدىكەن. مەزكۇر مولېكۇلانىڭ پايدىلىرىدىن بىرى قان تومۇرلارنى يۇمشىتىپ، قان ئايلىنىشىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بەدەندە يېتەرلىك مىقداردا نىترىي ئوكسىد بار بولسا، كىشى يۇقىرى قان بېسىمىغا گىرىپتار بولمايدۇ ـ دە، يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتىمۇ راۋۇرۇس تۆۋەنلەيدۇ.

ئەگەر بەدىنىڭىزدىكى ۋىتامىن D مىقدارى تۆۋەن بولسا، شۇنداقلا يېتەرلىك دەرىجىدە ئاپتاپسىنىش ئىمكانىيىتىڭىز بولمىسا، (كاپسۇل ياكى سۇيۇقلۇق ھالەتتىكى) ۋىتامىن D جەۋھەرلىرىنى ئىستېمال قىلىش ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ۋىتامىن D مىقدارىنى موللاشتۇرۇش تولىمۇ ئاقىلانىلىك بولىدۇ. لېكىن، ئاپتاپسىنىشنىڭ ئىلگىرى بايقالمىغان پايدىلىرى مەلۇم بولغانچە، ھېچبىر دورىنىڭ ئاپتاپنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى تېخىمۇ بەك ئايدىڭلاشماقتا. يۇقىرىدا گېپى بولۇنغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

## كۈننى ئېتەكتە ياپقىلى بولمايدۇ

شۇنىسى تەبىئىيكى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇز يىللىق «ئاپتاپ قارىلاش مۇجادىلىسى»دىن كېيىن، «تولىمۇ ئېغىر خاتالىق سادىر قىپتۇق» دېيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، ھەر ۋاقىت تەكىتلەپ كەلگىنىمدەك، كۈننى ئېتەكتە ياپقىلى بولمايدۇ. ھەقىقەت ھامان ئاشكارا بولماي قالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاپتاپنىڭ ۋە ئاپتاپ بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بىرىككەن ۋىتامىن D نىڭ ئەھمىيىتى يېڭىدىن بايقالغان نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، تۇبېركۇليوزنى مىسالغا ئالايلى. 1903 ـ يىلى شۋېتسارىيەلىك بىر ئالىم تۇبېركۇليوزنى ئاپتاپ ئارقىلىق داۋالاش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بۇ مېتودى تۇبېركۇليوزنى داۋالاشتا ھېلىھەم ئەڭ نادىر ئۇسۇل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە. ھەتتا، سۆڭەكلەرنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلالماسلىقىدىن مەنبەلەنگەن دوكلۇق بىلەن ئاپتاپ ئارىسىدىكى باغلىنىش 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا بايقىلىپ بولغانىدى. شۇنداق بولغانىكەن، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئورتاق ئەسلىمىسىنى، بىلىم بىرىكمىسىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپلا، ئاپتاپقا دۈشمەنلىك قىلىش سېپى ئۆزىدىن ساراڭلىقتۇر.

## كۈچلۈك ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئاپتاپسىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ

راكتىن زۇكامغىچە بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئەڭ كۈچلۈك مۇداپىئە قورالىنىڭ كۈچلۈك ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇنداقتا، كۈچلۈك ئىممۇنىتېت سىستېمىسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ۋىتامىن D غا ئېھتىياجىڭىز بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ۋىتامىن D نىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى جانلاندۇرىدىغانلىقى تۇنجى قېتىم 2010 ـ يىلى كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا ئوتتۇرىغا چىقتى. «Nature Immunology» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىسىدە، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇداپىئە مېخانىزمى بولغان T ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن ۋىتامىن D غا موھتاج ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. يەنى ۋىتامىن D بولمىسا، كۆرەشچى T ھۈجەيرىلىرى ھەرىكەتكە ئۆتمەيدىكەن.

كۆرۈپ ئۆتكىنىڭلاردەك، ھەم سىلەر، ھەم پەرزەنتلىرىڭلار يىللاردىن بۇيان، تولىمۇ زۆرۈر شىپا مەنبەسى بولغان ئاپتاپتىن مەھرۇم قىلىندىڭلار. بۇنىڭ ھېسابىنى كىم، قانداق بېرەركىن؟

## ئاپتاپسىنىش كۆرسەتمىسى

ئاۋۋال شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، نوقۇل ھالدا ئاپتاپسىنىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. چوقۇم يېمەكلىك ئارقىلىقمۇ ۋىتامىن D قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. ئەمما، يېمەكلىك ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ۋىتامىن D ئاكتىپ ھالەتتىكى ۋىتامىن ئەمەس. ئاپتاپ دەل ئاشۇ پاسسىپ ھالەتتىكى ۋىتامىن D نى ئاكتىپلاشتۇرىدۇ.

راك ۋە چۈشكۈنلۈك كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر «جاۋابكارى» يىللاردىن بېرى سىلەرنى ئاپتاپتىن قەتئىي يىراق تۇرۇشقا ئۈندەپ كەلگەن خىمىيىۋى تىبابەتتۇر. ناچار ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە، ئاپتاپنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تەلقىن قىلىپ تۇرىدىغان مېڭە يۇيۇش مۇجادىلىسى قوشۇلۇپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى ۋىتامىن D زاپىسى تۈگىدى ـ دە، راكتىن چۈشكۈنلۈككىچە بولغان بارلىق كېسەللىكلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن، ئاپتاپ توغرىسىدىكى چۈشەنچىڭىزنى توغرىلاڭ: كىشىنى كېسەل قىلىدىغىنى ئاپتاپ ئەمەس، ئاپتاپتىن قېچىشتۇر.

يۇقىرىقى سۆزلىرىمدىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن چىشنى بىلەپ تۇرغانلارغا ئەسكەرتىش: مەن ھېچكىمگە ئاپتاپتا قاقلىنىپ كۆمۈردەك بولۇپ كېتىڭ، دېمىدىم. پەقەت كۈندە يىگىرمە مىنۇتتىن ئوتتۇز مىنۇتقىچە ئاپتاپسىنىپ، ئورۇقلۇقتىن قوبۇل قىلغان ۋىتامىن D لارنى بىرىكتۈرسىڭىزلا كۇپايە.

كۈننىڭ قانداق ۋاقتىدا ئاپتاپسىنىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. كۈن تىكلەنگەن ۋاقىتتا، ئۇلترا بىنەپشە نۇر B (UVB) تارقىتىدۇ ۋە ۋىتامىن D دەل مۇشۇ ئۇلترا بىنەپشە نۇر B ئارقىلىق بىرىكىدۇ. كۈن قىيسايغان سائەتلەردە بولسا، ئۇلترا بىنەپشە نۇر (UVA) A تارقىتىدۇ، ھالبۇكى مەزكۇر ئۇلترا بىنەپشە نۇر A ۋىتامىن D نىڭ بىرىكىشىگە تۇرتكە بولمايلا قالماستىن، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. يەنى، ۋۇجۇدىڭىزدا ۋىتامىن D نىڭ بىرىكىشىنىڭ خالىسىڭىز، كۈن ئەڭ چوققىدا تۇرغان، سايىڭىز بويىڭىزدىن قىسقا بولغان سائەتلەردە ئاپتاپسىنىڭ.

ئاپتاپسىنىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يۇيۇنماستىن، ۋۇجۇدىڭىزغا ۋىتامىن بىرىكتۈرگۈدەك ۋاقىت بېرىڭ.

ۋىتامىن D زاپىسىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىتامىن D مىقدارى مول بولغان يېمەكلىك بىلەن ئاپتاپتىن ئىبارەت ئىككى ئامىل چوقۇم تەڭ ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.umitaktas.com/makale/gunes-degil-gunessizlik-hasta-eder-1/#

# خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىغا قىلغان چاقىرىقى



# ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم پرىنسىپاللىق ۋە بىردەكلىكتە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك

## كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۆزىنىڭ 5 ـ ئايدا خىتاينى زىيارەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم خىتاينى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ ئۈچ يېرىم يىلدىن كېيىن، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئەڭ يېڭى ئاخباراتىدا مەزكۇر خەۋەرنى ئېلان قىلدى. تۆۋەندە ئىمزا قويغان تەشكىلاتلار مىشېل باچېلېتنى «بۇ مەزگىلدە مۇۋاپىق ۋە ئاشكارا دىپلوماتىك تەدبىر قوللانمىدى، جۇملىدىن خىتاينىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن رەسمىي بايانات ئېلان قىلمىدى» دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ھۆكۈمەت ئىلكىدە بولمىغان تەشكىلاتلار ب د ت نىڭ ئالاھىدە تەرتىپ ۋە كېلىشىم ئاپپاراتلىرى كەڭ كۆلەملىك ۋە كۆپ خىل ئۇچۇرلارنى توپلاپ، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، ھەتتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. 2020 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئەللىك نەپەر ئالاھىدە تەرتىپ مۇتەخەسسىسى «خىتايدىكى ئۆللۈق ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كەسكىن تەدبىر قوللىنىش»قا، جۇملىدىن كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى «ئادىل ۋە مۇستەقىل ب د ت مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ھەر يىلى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋاللىرىنى يېقىندىن نازارەت قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە دوكلات قىلىش»قا چاقىرىق قىلدى. ئۇلار يەنە مەجبۇرىي ئەمگەك، «بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى خەلققە قارىتىلغان كوللېكتىپ باستۇرۇش، خىتاي مىقياسىدا ئادۋوكاتلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ سوتلىنىشى ياكى غايىب قىلىۋېتىلىشى»، شۇنداقلا «خوڭكوڭدىكى نامايىش ۋە دېموكراتىيە تەشۋىقاتلىرىنى باستۇرۇش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مەسىلىلەرگە بولغان كۈچلۈك ئەندىشىسىنى تەكىتلىدى.

ب د ت نىڭ ئالاھىدە دوكلاتچىسى فىيونۇلا نى ئائولەين (Fionnuala Ní Aoláin) كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە تاپشۇرغان «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈشىدە مەخپىي تۇتقۇن قىلىش» توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك، خالىغانچە ۋە مەخپىي تۇتقۇن قىلىش، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈۋاتقان ئەھۋالدا، «خەلقئارالىق قانۇنلارغا خىلاپ قىلمىشلارنى كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن مۇستەقىل باھالاش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پەۋقۇلئاددە تەخىرسىز» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

بىز ئالىي كومىسسارنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى باياناتىدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى (OHCHR) ئەسلىدە ئېلان قىلىشنى پىلانلىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار دوكلاتنى تىلغا ئالمىغانلىقىدىن چوڭقۇر ئەندىشىلەنمەكتىمىز. 2021 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، باچېلېت «ختاي زىيارىتى توغرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ تەپسىلاتىنى ئاشكارىلىيالمايدىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدە بىلدۈرۈش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق شىكايەتلىرى توغرىسىدىكى مەۋجۇت ئۇچۇرلارغا بولغان باھالاشنى تاماملاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە پات يېقىندا ئېلان قىلىدىغان»لىقىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇلتۇر 12 ـ ئايدا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى يەنە مەزكۇر دوكلاتنىڭ «بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە» ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

بىز ئالىي كومىسسارنىڭ ختايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىردەك بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندۇق. بۇ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ چوڭ دۆلەتلەردىكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

بىز يەنە ئالىي كومىسسارنىڭ سابىق كومىسسارغا سېلىشتۇرغاندا، تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسىغا قارىتا سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشىدىنمۇ تەشۋىشلەنمەكتىمىز.

خەۋەر تېپىشىمىزچە، «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى ئالدىن زىيارەت قىلىش گۇرۇپپىسى»دىكىلەر مىشېل باچېلېتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا جايلاردىكى نەق مەيدان زىيارىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» سەپىرىگە تەييارلىق كۆرۈش مەقسىتىدە، 4 ـ ئايدا ختايغا بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار «تەييارلىق خىزمەتلىرىدە چوقۇم ختاي ۋىرۇسى ۋاباسىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك»مىش. ختاي نۆۋەتتە تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يۇقۇم ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە «ختاي ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار يوق بولۇش»قا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتىگە بىنائەن، قاتتىق چەكلەش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، جۈملىدىن ھېچقانداق ئۇقتۇرۇش قىلىنماستىنلا شەھەرلەر قىسمەن ياكى تامامەن قامال قىلىنىۋاتىدۇ ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەر 21 كۈن كارانتىن قىلىنىۋاتىدۇ.

بىز يەنە شۇنىڭغىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلمەكتىمىزكى، ئالىي كومىسسار كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە تاپشۇرغان ئەڭ يېڭى مەلۇماتىدا ختاي بىلەن بولغان سۆھبەتتە، ئىلگىرى چاقىرىق قىلىنغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ختايدا «چەكلىمىسىز زىيارەت» قىلىشىغا يول قويۇلغان ـ قويۇلمىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. ختاي ۋەدە قىلغان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن ئامىللار تۈپەيلى، كىشىلەر ختاينىڭ كونكرېت تەپسىلاتلىرى ھېلىھەم ئاشكارىلانمىغان بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىدىن تەشۋىشلەنمەكتە.

خىتاي ب د ت باش كاتىپىنىڭ يىللىق دوكلاتىدا ب د ت بىلەن ھەمكارلاشقان ياكى ھەمكارلىششقا ئۇرۇنغان شەخس ياكى تەشكىلاتلاردىن «ئۆچ ئېلىش» جەھەتتە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان دۆلەتلەردىن بىرىدۇر. 2020 ـ يىللىق دوكلاتتا، خىتاي «سىستېمىلىق ئۆچ ئېلىش» بىلەن شۇغۇللانغان 11 دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ ۋە قورقىتىپ ئۆچ ئېلىش جەھەتتە ئېغىر مەسىلە كۆرۈلگەن» بەش دۆلەت قاتارىدىنمۇ ئورۇن ئالغاندى.

ئەينى چاغدىكى نامراتلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى ئالاھىدە دوكلاتچىسى فىلىپ ئالستون (Philip Alston) 2016 ـ يىلى خىتاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە تاپشۇرغان دوكلاتىدا، ئۆزىنى «مۇتلەق كۆپ قىسىم پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەھەتتىكى ھەرقانداق دەرىجىدىكى ئەركىنلىك ۋە مەخپىيلىكتىن مەھرۇم قىلغان» تەدبىرلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ھەرقانداق پۇقراۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئۇچرىشىش مەقسىتىدە بىۋاستە ئالاقىلەشمەسلىك»نى جېكىلىگەن ۋە «ئاشكارا بولمىغان بارلىق ئۇچرىششلارنىڭ تەپسىلاتىنى مەلۇم قىلىش»نى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى يەنە «ھۆكۈمەت تەرىپىدىن <سەزگۈر> دەپ قارالغان شەخسلەر بىلەن كۆرۈشمەسلىك» توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە «دائىم پۇقراچە كىيىنگەن پايلاقچىلارنى ئارقىسىغا سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇقراۋى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغان». ئۇ ئۇچرىشالىغان بىردىنبىر پائالىيەتچى جياڭ تيەنيوڭ ئىسىملىك ئادۋوكات بولۇپ، ئۇمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىلغا يېقىن قاماپ قويۇلغان بولۇپ، ھېلىھەم نەزەربەند ئاستىدا ياشىماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى دائىم ئۆزىنىڭ «<جىنايەت تېپىش> مەقسىتىدىكى ئاتالمىش <تەكشۈرۈش>كە ئەمەس، بەلكى ئالىي كومىسسارنىڭ <ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش>نى مەقسەت قىلغان <دوستانە زىيارىتى>گىلا يول قويۇلىدۇ» دېگەن مەيداننى ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالدا، تۆۋەندە ئىمزاسى قويۇلغان پۇقراۋى تەشكىلاتلار ئالىي كومىسسارنىڭ خىتاي زىيارىتىنىڭ قايىل قىلارلىق بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى يادرولۇق ئەڭ تۆۋەن شەرتلەرگە چوقۇم رىئايە قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايدۇ:

ئالىي كومىسسار خىتاينى زىيارەت قىلىشتىن ئىلگىرى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە ئالاقىدار دوكلاتنى تېزدىن ئېلان قىلىشى، شۇنداقلا دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى جىددىي ئىش سۈپىتىدە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ مەزكۇر زىيارەتكە ئالاقىدار سۆھبەتنىڭ گېپى بولۇنغان دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كېچىكتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تاكتىكا ئەمەسلىكىگە؛ شۇنداقلا، خىتايدىكى زىيارەتنىڭ ئەمەلىي ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىقتۇر.

مەزكۇر زىيارەتتىن ئىلگىرى، خىتايدىكى ياكى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك مۇستەقىل پۇقراۋى تەشكىلاتلار، كىشىلىك ھوقۇق ھىمايىچىلىرى ۋە زىيانلانغۇچىلار بىلەن، شۇنداقلا دىئاسپورادىكى تەشكىلاتلار بىلەن بىخەتەر ئۇچرىشىش كېرەك.

كىشىلىك ھوقۇق ھىمايىچىلىرىگە، شۇنداقلا مەجبۇرىي يوقىتىۋېتىلگەن ياكى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنغان (جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان ياكى سوتلىنىشتىن ئىلگىرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان) كىشىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىش دەرىجىسىنى ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇش شارائىتىنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن بىخەتەر، مەخپىي ۋە نازارەتتىن خالىي رەۋىشتە ئۇچرىشىش كېرەك.

بۇگۈنگىچە خىتاينى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان، دىپلوماتىك كاپالەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشىغا قارىتىلغان جازالارنى يېنىكلىتىش دېگەندەك تەدبىرلەرنىڭ ئاشكارىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىلىرىدىكى ئالاھىدە دوكلاتچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەزكۇر زىيارەتكە ئالاقىدار ئالاھىدە تەرتىپ ۋەزىپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئالىي كومىسسارنىڭ زىيارەت ئۆمىكىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

زىيارەت توغرىسىدا بىر يۇرۇش مۇستەقىل، چەكلىمىسىز بولغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىش؛ شۇنداقلا، خىتاي دائىرىلىرى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغان ئەھۋالدا، ئەھۋالنى ئاشكارىلاش ۋە زىيارەتنى دەرھال توختىتىش كېرەك. مەزكۇر شەرتلەر شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

1. تامامەن چەكلىمىسىز ھالدا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭ قاتارلىق بارلىق رايونلارغا بارالاش. بۇ شۇلاردىن دېرەك بېرىدۇ:

1) شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە باشقا چەكلىمە ئاستىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش؛

2) تەكشۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش. بولۇپمۇ، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە:

(1) بارلىق قاماقخانا، تۈرمە، ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى» ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ئورۇنلىرىغا توسقۇنسىز ھالدا كىرىش؛

(2) گۇۋاھچىلار ۋە (ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) باشقا كىشىلەر بىلەن مەخپىي ھەمدە نازارەتتىن خالىي ھالدا ئۇچرىشىش؛

(3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ماتېرىيال ـ ھۆججەتلەرنى تولۇق كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش؛

2. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق بىخەتەرلىك ساقلاش خادىملىرىنىڭ، مەيلى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدىكى ياكى باشقا شەكىللەردىكى، ۋەياكى «خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نامىدىكى ھەمراھ بولۇشى بولسۇن، چوقۇم مەخپىيەتلىككە، ھەرىكەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەركىنلىكىگە تەئەررۇز قىلمىغان ئاساستا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

3. كۈچلۈك خەۋپ باھالاش/پەسەيتىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، ھەرقانداق شەخس، كوللېكتىپ ياكى تەشكىلاتنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ) زىيارەت ئۆمىكى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ياكى پىكىرلەشكەنلىكى سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە، پاراكەندىچىلىككە، جازاغا ياكى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى قورقۇتۇش ۋە ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىش.

4. زىيارەت پىلانىنىڭ پۇقراۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالاقىدار ھەرقانداق تەپسىلاتلىرىنى خىتاي دائىرىلىرىگە بىلدۈرمەسلىك، زىيانلانغۇچى ياكى باشقا كىشىلەر بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەن سورۇندا، قانۇن ئىجرائاتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ئەمەلدارلىرى بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

يۈز تۇرانە سۆھبەتلەر ب د ت غا تەۋە جايلاردا ياكى دىپلوماتىك سورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلۈشى، زىيانلانغۇچى ياكى گۇۋاھچىنى قوغداش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا سۆھبەت ب د ت تەكلىپ قىلغان ياكى تاللىغان تەرجىمانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا سولانغان شەخسلەر بىلەن ب د ت تەكلىپ قىلغان ياكى تاللىغان تەرجىمانلار ئارىسىدىكى سۆھبەت مەخپىي تۇتۇلۇشى، شۇنداقلا سۆھبەت سورۇنىدا دۆلەت خادىملىرى بولماسلىقى كېرەك.

5. ھەرقانداق زىيارەتنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا، ئوخشىمىغان رايون ۋە كىشىلەرگە قارىتىلغان مەخسۇس مەجلىسلەر ئارقىلىق، مۇستەقىل پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ، كىشىلىك ھوقۇق ھىمايىچىلىرىنىڭ، شەخسلەر ۋە زىيانلانغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ۋە بىخەتەر ھالدا ئىشتىراك قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ شۇنداقلا، زىيارەت جەريانىدا ۋە زىيارەتتىن كېيىن (شۇ تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن) بىخەتەر ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلىغان ئاساستا كەڭ دائىرىلىك كېڭىشىش.

6. نەق مەيدان تەكشۈرۈشىدە، ب د ت دىكى مەۋجۇت ئۇچۇرلارنى، جۈملىدىن ئالاھىدە تەرتىپ خەۋەرلىرىنى ۋە كېلىشىم ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىش.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.hrw.org/news/2022/04/19/un-high-commissioner-must-uphold-principled-and-coherent-response-chinas-human




# تويوتا شىركىتىنىڭ ھېكايىسى

# تويوتا شىركىتىنىڭ ھېكايىسى

تويوتا دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ماركىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ مۇۋاپىقلىقى ۋە چىدامچانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئىلگىرى، ماشىنىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تارقىتىدىغان «**TopGear**» ناملىق بىر تاراتقۇ سۇپىسى تويوتانىڭ «**Hilux**» تىپلىق ئاپتوموبىلىنى كاردىن چىقىرىش توغرىسىدا سىناق ئېلىپ بارغانىدى.

ئۇلار بۇ ئاپتوموبىلنى دەرەخكە ئۇستۇرگەن، سۇغا تاشلىغان، چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن ئەزگەن، بازغان بىلەن ئۇرغان، ئوتتا كۆيدۈرگەن؛ ھەتتا، بۇ ئاپتوموبىلنى تاشلاندۇق ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىگە قويغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىمارەتنى ئۆرۈگەن. لېكىن، مۇشۇنچىۋالا «قىيىن ـ قىستاق»قا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ، بۇ ئاپتوموبىل يەنىلا نورمال ماڭالىغان.

ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، يېقىنقى يىگىرمە يىلدا سېتىلغان تويوتا ماركىلىق ئاپتوموبىللارنىڭ تولۇق پىرسەنتى ھېلىھەم نورمال مېڭىۋاتقان بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تويوتا ئاپتوموبىللىرىنىڭ بىردەك ھالدا يۇقىرى سەۋىيە ۋە مۇقىم سۈپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دالالىتىدۇر.

ئۇنداقتا، دۇنيا مىقياسىدا داڭق چىقارغان تويوتا شىركىتى قانداق تەرەققىي قىلغان؟ مەزكۇر شىركەتنىڭ كۆلىمى زادى قانچىلىك؟ ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە بىز بىلمەيدىغان قانچىلىغان ھېكايىلەر بار؟

ئەڭ دەسلەپتە، بۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا «ئاپىسىنىڭ جاپا تارتىشىغا يۈرىكى چىدىمىغان بىر يىگىتنىڭ ئىلھامى» سەۋەب بولغانىدى. بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ساكىچى تويودا (**Sakichi Toyoda**) بولۇپ، **1867** ـ يىلى تۇغۇلغان ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ دادىسىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتقىنىدا، ئاپىسىنىڭ قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان توقۇمىچىلىق ئەسۋابىنى چۆرۈگىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئېچىشقان ۋە بۇ ئەسۋابنىڭ ئورنىغا ئاپتوماتىك توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ئىجاد قىلىپ، ئاپىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. گەرچە، دادىسى ئۇنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ خىيالىغا قاتتىق قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بارلىق زېھنىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئاشۇ توقۇمىچىلىق ماشىنىسىغا

مەركەزلەشتۈرگەن ۋە 1898 ـ يىلى، «Toyoda» (مەزكۇر ماركىنىڭ «Toyota»غا ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكى نامى) ماركىلىق ئاپتوماتىك رەخت توقۇش ماشىنىسى ئۈچۈن پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغان. مەزكۇر رەخت توقۇش ماشىنىسىغا بېنزىن كۆيدۈرىدىغان، بىر ئات كۈچىلىك موتور سەپلەنگەن بولۇپ، بۇ ياپونىيەدىكى تۇنجى ئاپتوماتىك رەخت توقۇش ماشىنىسى ئىدى. بۇ ئۇسكۇنە ئۆزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى تۇراقلىقلىقى سەۋەبلىك، ياپونىيە بازىرىدا پەۋقۇلئاددە ئالقىشقا ئېرىشكەن. شۇنداقلا، 1886 ـ يىلى بىر نەپەر داڭلىق تىجارەتچىنىڭ مەبلىغىگە ئېرىشكەن ساكىچى تويودا «تويودا ئاپتوماتىك توقۇمچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى» دېگەن نامدا پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرغان.

ھالبۇكى، ساكىچى تويودانىڭ ئىشلىرى ئىزچىل شۇ تەرىقىدە راۋان بولۇۋەرمىگەن. 1910 ـ يىلى، ياپونىيە ئىقتىسادى چوڭ بوھرانغا دۇچ كەلگەندە، ساكىچى تويودانىڭ شىركىتىمۇ خېلى زور زىيانغا ئۇچرىغان ۋە ئۇ شىركەتتىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئىشتىن ئىچى پۇشقان ساكىچى ئامېرىكا ۋە ياۋروپانى ئايلىنىپ كېلىش نىيىتىدە سەپەرگە چىققان.

ساكىچى بۇ سەپىرىدە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكادىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان. بولۇپمۇ، ماشىنا ـ پىكاپ تۈرىدىكى نەرسىلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئوغلى كىچىرو بىلەن يېڭى شىركەت قۇرۇش مەقسىتىدە ياپونىيەگە قايتقان. گەرچە، يېڭى شىركەتكە يەنىلا «تويودا ئېگىرىمچىلىك ۋە توقۇمچىلىق شىركىتى» دەپ ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ، «ئاپتوموبىل» دېگەن ئۇقۇم ساكىچىنىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا نېرى كەتمىگەن.

ئەنە شۇ خىل ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە، ساكىچى 1929 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئاپتوماتىك توقۇمچىلىق ماشىنىسىنىڭ پاتېنتىنى بىر مىليون ياپونىيە يېنىغا ساتقان ۋە بۇ پۇللارنى «چوقۇم يەرلىك ياپونىيە ئاپتوموبىلى ياساپ چىقىش» شەرتى بىلەن ئوغلى كىچىرو تويوداغا بەرگەن.

كىچىرو تويودا دەسلەپتە ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ـ چىقالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئامېرىكاغا بېرىپ، ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ياپونلارنىڭمۇ چوقۇم بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. شۇنداقلا، كىچىرو يەنە شۇ مەزگىللەردە، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بار كۈچى بىلەن يەرلىك ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشنى تەشۋىق قىلغانلىقىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت دەپ بىلگەن.

نەتىجىدە، 1932 ـ يىلى كىچىرو ئىككى دانە ئاپتوموبىل سىخېمىسىنى لايىھەلەپ چىققان. ۋەزىيەتكە بولغان بۇ خىل ئىنكاسچانلىقنى تويودا جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى دېيىشكە بولاتتى.

شۆنىڭدىن كېيىنكى يىلى «تويودا شىركىتى» بار كۈچى بىلەن ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 1935 ـ يىلى تۇنجى ئاپتوموبىلنى ئىشلەپچىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىنى «تويودا موتور شىركىتى»گە ئۆزگەرتكەن.

تويوتا شىركىتى دەسلەپىدىن باشلاپلا، «فورد» ۋە «GM» قاتارلىق چەتئەل ئاپتوموبىللىرىدىن تېخىمۇ ئەرزان باھالىق ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كۈچىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ فورد ۋە GM ماركىلىق پىكاپلاردىن 400 يېن ئەرزان بولغان تۇنجى ئاپتوموبىلى ياپونىيەدە زور ئالقىشقا ئېرىشكەن.

تويوتا شىركىتىگە دەسلەپتە ساكىچى تويودانىڭ ئىسمىگە ئاساسەن «Toyoda» دەپ ئىسىم قويۇلغانىدى، ئەمما بۇ ئىسىم كېيىن «مۇنبەت شال ئېتىزى» دېگەن مەنىدىكى «Toyota»غا ئۆزگەرتىلگەن. چۈنكى، بۇ ئىسىمنىڭ ياپونچىسى بولغان «タヨト» تەلەپپۇز قىلىشقا تېخىمۇ قولاي، شۇنداقلا ياپونلار خەيرلىك دەپ قارايدىغان سەككىز سىزىقتىن تەركىب تاپقان ئىدى.

ھالبۇكى، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى باشلانغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تويوتا شىركىتىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەزكۇر شىركەت ياپونىيە ئارمىيەسى ئۈچۈن يۈك ماشىنىسى ياساش بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ، ياپونىيەدە زۆرۈر ماددىلار زىيادە قىس بولغانلىقتىن، شۇ چاغدىكى ھەربىي يۈك ماشىنىلىرى مۇمكىنقەدەر ئاددىي ياسالغان. مەسىلەن، بۇ مەزگىلدىكى ياپون ھەربىي يۈك ماشىنىلىرىنىڭ پەقەت ئالدى تەرەپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاللا چىرىغى بار ئىدى.

1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەزكۇر شىركەت ئاران 300 دانە يۈك ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىپ، تىجارىتى توختاشقا ئازلا قالغان.

لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، ئامېرىكا ـ چاۋشيەن ئۇرۇشى تويوتا شىركىتى ئۈچۈن قۇتۇلۇش پۇرستى بولۇپ قالغان. ئامېرىكا ئۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى، جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتە كورېيەدىكى ئۇرۇش مەيدانىغا يېقىن بولغان ياپونىيەدىكى تويوتا شىركىتىدىن 5000 دانە ئاپتوموبىل زاكاس قىلغان.

شىركەتنىڭ ئىشلىرى شۇنىڭدىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن شىركەت باشقۇرغۇچىلىرى يېڭى بىر مەسىلىنى، يەنى ئامېرىكا ئاپتوموبىل زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ ياپونىيەلىك ئىشچىلارنىڭكىدىن ئاز دېگەندە توققۇز ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى؛ شۇنداقلا، مەسىلىنىڭ ئىشچىلاردا ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن.

1955 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشقان تويوتا شىركىتى نەزىرىنى خەلقئارالىق بازارغا ئاغدۇرغان. تويوتا شىركىتىنىڭ بىر نەپەر دىرېكتورى ئەينى چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل بازىرى

بولغان ئامېرىكانى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يوللاردا ئامېرىكانىڭ يۇقىرى سەرپىياتلىق يەرلىك چوڭ ئاپتوموبىللىرىدىن سىرت، ياۋروپانىڭ تۆۋەن سەرپىياتلىق كىچىك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تولىمۇ كۆپلۈكىنى كۆرگەن. ئەمما، ئۇ ياۋروپانىڭ كىچىك تىپتىكى بۇ ئاپتوموبىللىرىنىڭ باھاسىنىڭ تولىمۇ قىممەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ ئۈلگۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، مەزكۇر ھادىسىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، تويوتا شىركىتى كىچىك تىپتىكى پىكاپتىن بىرنى ياساپ، دەرھال ئامېرىكا بازىرىغا سالغان، بۇ ماشىنىنىڭ ئىسمى «خانتاجى» (**Crown**) ئىدى.

شىركەتتىكى ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بۇ ماشىنىنىڭ ئامېرىكا بازىرىدا قانداقراق سېتىلىدىغانلىقىغا مەركەزلەشكەن. چۈنكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەقدىردە، بۇ تويوتا ئۈچۈن زور ھالقىش ھېسابلىناتتى. لېكىن، «خانتاجى»نىڭ ئامېرىكادىكى سېتىلىش ئەھۋالىنى «ئاپەت خاراكتېرلىك» دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، بۇ پىكاپتىن ئاران **300** دانىلا سېتىلغانىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، تويوتا شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ئەمەلىي كۆزەتمەستىنلا، ئامېرىكانىڭ يوللىرىنى ئېغىر دەرىجىدە خاتا مۆلچەرلىگەنىدى. ياپونىيەنىڭ يوللىرىدا كۆڭۈلدىكىدەك ماڭالىغان «خانتاجى» ئامېرىكانىڭ يوللىرىدا زىيادە قىزىپ كېتىش، كونتروللۇقىنى يوقىتىش، ماي سەرپىياتى زىيادە يۇقىرى بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنىدى. بۇ ۋەقە سەۋەبلىك قاتتىق بۇرنىغا يېگەن تويوتا شىركىتى ئۆزىنىڭ بارچە قاتالاملاردىكى سۈپىتىنى ياخشىلاش ھەرىكىتىنى باشلىغان.

شۇ خىل سۈپەت ھالقىشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، **1966**-يىلى بىرىنچى ئەۋلاد كورولا «**Corolla**» پىكاپلىرى روياپقا چىققان ۋە بۇ پىكاپ شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل ھالدا دۇنيادىكى ئەڭ ئالقىشقا سازاۋەر پىكاپ تىپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. **1970**-يىللاردىكى نېفىت كرىزىسى كىچىك تىپلىق پىكاپلارغا بولغان ئېھتىياجنى تېخىمۇ زورايتقان.

مەزكۇر نېفىت كرىزىسىدا، ئىزچىل ھالدا چوڭ تىپتىكى يۇقىرى سەرپىياتلىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشقا مايىل بولۇپ كەلگەن ئامېرىكا شىركەتلىرى كىچىك تىپلىق ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق تەنەرخنى تۆۋەنلەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئالللىقاچان تويوتانىڭ ئارقىسىدا قالغانىدى.

تويوتا شىركىتى شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە **MR2**، **Supra** ۋە **Prius** قاتارلىق پەۋقۇلئاددە ئالقىشقا ئېرىشكەن ئاپتوموبىللارنى بازارغا سالغان ۋە **1989**-يىلى ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك ئاپتوموبىل ماركىسى بولغان «**Lexus**»نى بازارغا سالغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، تويوتانىڭ «ماشىنا قوشۇنى» ئىزچىل زورىيىپ ماڭغان. ھازىر توياتانىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بازارغا سېلىنغان ماشىنىلىرىنىڭ تىپى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ.

**2015**-يىلى تويوتا شىركىتى ماشىنا ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەر ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «ۋولكسۋاگون» شىركىتى قايتىدىن تويوتانىڭ ئالدىغا ئۆتتى. بۈلتۈر توياتا شىركىتى

جەمئىي ئون مىليون 200 مىڭ دانە ئاپتوموبىل سېتىپ، ئون مىليون 300 مىڭ دانە ئاپتوموبىل ساتقان ۋولكسۋاگون شىركىتىنىڭ ئازراقلا ئارقىدا قالدى.

تويوتا ياپونىيەدىكى بازار قىممىتى ئەڭ يۇقىرى شىركەت بولۇپ، بازار قىممىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان «SoftBank» شىركىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە تويوتانىڭ 360 مىڭ خىزمەتچىسى بار.

تىجارەت كىرىمى جەھەتتە، تويوتا دۇنيادىكى توققۇزىنچى چوڭ شىركەتتۇر.

1966 ـ يىلىلا، تويوتا شىركىتىنىڭ كورولا تىپلىق پىكاپلىرىدىن ھەر 37 سېكۇنتتا بىرى سېتىلاتتى. ھازىرمۇ دۇنيا مىقياسىدا ئۇنىڭدىن ھەر 15 سېكۇنتتا بىرى سېتىلىدۇ.

تويوتانىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش سانائىتىدىكى پاتېنتى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1500 دىن ئاشىدۇ.

تويوتا شىركىتى ھەريىلى پەن تەتقىقاتىغا توقسان مىليون دوللار سەرپ قىلىدۇ، يەنى ئۇلار ھەر سائەتتە پەن تەتقىقاتىغا تەخمىنەن بىر مىليون دوللار پۇل سەرپ قىلىدۇ.

تويوتا ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلدىن باشقا ساھەلەردىكى كەسپىلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇلار «تويوتا سانائەت تەشكىلاتى» دەپ ئاتىلىدۇ. تويوتا ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چىقىرىپ ـ چۇشۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ماركىسىدۇر. تويوتا يەنە كومپيۇتېرلاشقان ئاپتوماتىك توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ۋە تىككۈچىلىك ماشىنىسىمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر



(2022 -يىلى 3– ئاينىڭ 27 – كۈنىدىن 4 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

## ئايلىق خەۋەر

(2022-يىلى، 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن، 2022-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنىگىچە)

### خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت چېگرالىرىدىكى ھەربىي مۇئەسسەسەلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرماقتا

«republicworld» تورىنىڭ 27-مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ئىچكى ۋە تاشقى بىخەتەرلىك خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ غەربىي چېگرالىرىدىكى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى زامانىۋىلاشتۇرماقتا، جۈملىدىن بۇ رايونلاردا يېڭى ئايرودروملارنى قۇرماقتا ئىكەن.

ئېگىلىنىشىچە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تىبەتتە ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، داۋاملىق تۆردە تۆمۈر يول ۋە تاشيول ياساپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى ئاۋىياتسىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىماقتا ئىكەن.

ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «خىتاينىڭ كۈچى» ناملىق تەتقىقات تورىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تىبەتتە يەنە تۆت ئايرودروم ياساۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە لۇنسى ئايرودرومى، نىگارى-بۇراڭ ئايرودورمى ۋە شىگاتسې تىڭرى ئايرودروملىرى بىردەك ھالدا خىتاي-ھىندىستان چېگراسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىردىن يېقىن بولغان ئورۇنلارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىلگىرى ھىندىستان چېگراسىدا ئايرودروم بولماسلىقتەك غايەت زور بوشلۇقنى تولدۇرىدىكەن.

ئۆتكەن بەش يىلدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە 15 ئايرودرومنى يېڭىلىغان بولۇپ، بۇنىڭ يەتتىسى ھەم ھەربىي، ھەم پۇقراۋى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئايرودروملار ئىكەن.

### ۋاڭ يىنىڭ «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا قاتنىششى خىتاينىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردى

«**theprint**» تورىنىڭ **28**ـ مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ **22**ـ ۋە **23**ـ مارت پاكىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ **48**ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىشى خىتاينىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى تەسىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

ئېگىلىنىشىچە، خىتاي بۇ دۆلەتلەردە نوپۇزغا ئېرىشىش ئۈچۈن، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» دائىرىسىدە، ئوخشىمىغان مۇسۇلمان ئەللىرىگە ئەڭ ئاز دېگەندە **400** مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، بۇ قېتىم ۋاڭ يىنى بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلغان پاكىستان خىتاينىڭ **62** مىليارد دوللار قەرزىگە ئېرىشكەن.

### ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» بىلەن ئەيىبلەنگەن ئاۋستىرالىيە پۇقراسىنىڭ سوتىغا قاتناشتۇرۇلمىدى

«**erienewsnow**» تورىنىڭ **30**ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدا «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» گۇمانى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقانلىقىغا **19** ئاي بولغان ئاۋستىرالىيەلىك تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى چېڭ لېي سوتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گراھام فلېتچېر تاراتقۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ سوتقا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى، نارازى بولغانلىقىنى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئېگىلىنىشىچە چېڭ لېي ئىلگىرى خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «مەركىزىي خەلق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ خەلقئارالىق تور سۇپىسى **CGTN** نىڭ سودا قانىلىدا رىياسەتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان يىرىكچىلىك سەۋەبلىك، ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە چېڭ لېينى قولغا ئالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

### ئاۋستىرالىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا خىتاينىڭ تەھدىتىگە باش ئەگمەسلىك تەشۋىقاتلىرى كۈچەيمەكتە

«**ABCNEWS**» تورىنىڭ **31**ـ مارتتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، **25**ـ مارت ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك بىرلەشمە كومىتېتى چەتئەللەرنىڭ ئاۋستىرالىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا قول تىقىش قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ دوكلاتىنى ئېلان قىلغان.

بۇ كومىتېت تەكشۈرۈش جەريانىدا، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە باشقا گۇۋاھچىلاردىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى دېموكراتىيەنى ياقىلايدىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئۇنىۋېرسىتېت خىزمەتچىلىرىگە تەھدىت سالغانلىقى ۋە قورقۇتقانلىقى؛ شۇنداقلا، بۇ قىلمىشلارنىڭ خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئەندىكىپ يۈرۈشىگە، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاڭلىغان.

بىرلەشمە پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن مەزكۇر دوكلات ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ۋە ھۆكۈمەتكە مەزكۇر «دۆلەت قوللىغان پاراكەندىچىلىك»كە تاقابىل تۇرۇشنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلغان.

بۇنىڭغا ماس ھالدا، ئاۋستىرالىيەدىكى «سىدنېي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»غا ئوخشاش مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «دۆلەت قوللىغان پاراكەندىچىلىك»كە بويۇن ئەگمەسلىك، ئۆز پىكىرلىرىنى ھەرۋاقىت دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى باشلىغان.

## خىتاي ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى بارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان تەقدىردە، تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ

«**republicworld**» تورىنىڭ 2-ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ 31-مارت ئۆتكۈزۈلگەن رايونلۇق يىغىندا كابۇلنى كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى 1-ئاپرېل «شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە» ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەتتا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئامېرىكانى ئۆزلىرى توڭلىتىۋەتكەن ئافغانىستان مۈلۈكلىرىنى بوشىتىشقا ۋە تالىبان رەھبەرلىرىگە قارىتىلغان جازانى بىكار قىلىشقا چاقىرغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى 31-مارت كابۇلغا يېتىپ بارغاندا، تالىباننىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ئابدۇلغەنى بارادارنىڭ ئىشخانىسى باياناتى ئېلان قىلىپ، «خىتاي ئافغانىستان تۇپرىقىدا كۆرۈلۈشى مۇمكىن دەپ قارىغان بارلىق مەسىلىلەر» توغرىسىدا ۋاڭ يىغا كاپالەت بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. مەزكۇر كاپالەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئافغانىستاندا خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مەلۇم.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئېزىپ ھالدا ئافغانىستاندىكى ئېچىلمىغان كان بايلىقلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم بايلىق مەنبەسى دەپ قاراپ، شۇنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرمەكتە.

## ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى سەئۇدىي ئەرەبىستاننى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋەتمەسلىككە چاقىردى

ھىندىستاندىكى «سىياسەت» تورىنىڭ 3-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «خىتايغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى خەلقئارا پارلامېنتلار بىرلەشمىسى» سەئۇدى ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ئىككى ئۇيغۇرنىڭ سەئۇدىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇش تەھدىتى توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەن.

2020 ـ يىلى تۈركىيەدىن ئۆمرە ھەجگە كەلگەن ھەمدۇللاھ ۋەلى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق نۇرمۇھەممەت روزى ئىككىيلەن 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن بېرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقاندى. ھالبۇكى، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ يىل 31 ـ مارتتا، نۇرمۇھەممەت روزىنىڭ سابىق ئايالى بۇخەلچەم ئابلا ۋە ئۇنىڭ 13 ياشلىق قىزىمۇ مەككىدە تۇتقۇن قىلىنىپ، مۇساپىرلارنى قايتۇرۇش مەركىزىگە قامالغان.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە دىنىي ئەركىنلىككە ئالاقىدار ئىشلارغا مەسئۇل ئىككى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، سەئۇدى ھۆكۈمىتىدىن ھەمدۇللاھ ۋەلى بىلەن نۇرمۇھەممەت روزىنى خىتايغا قايتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلغان. باياناتتا، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا مەجبۇرىيىتىگە ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىپ، ئەگەر بۇ ئىككى ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرۇلسا، «ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىش خەۋپىگە ئۇچرايدىغانلىقى» تەكىتلەنگەن.

## كەمبىرىجدىكى بىر ئىنستىتۇت چېگىرسىز ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پۇل ئالغانلىقنى ئېتىراپ قىلدى

«dailymail» تورىنىڭ 4 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، كەمبىرىجدىكى ئېيسا ئىنستىتۇتى خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا ئىشتىراك قىلغان چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈشى»نى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن چېگىرسىز ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يىگىرمە مىڭ فوندستېرلىڭ پۇل ئالغان.

ھالبۇكى، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئانا مەكتىپى بولغان چېگىرسىز ئۇنىۋېرسىتېتىنى خىتاي ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك، «يەۋقۇلئاددە خەتەرلىك» دەپ دەرىجىگە تىزغان.

ئېيسا ئىنستىتۇتى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، خۇاۋېي شىركىتى قاتارلىق خىتايغا تەۋە ئورۇنلاردىن مەبلەغكە ئېرىشكەن.

گەرچە مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ بۇ تەتقىقاتى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە چېتىشلىق سەزگۈر تەتقىقاتلاردىن بولمىسىمۇ، ئەمما خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ خىل ھەمكارلىق «ئىلمىي ئەخلاققا زىت» دەپ ئەيىبلەنگەن.

## گېرمانىيە مالىيە مىنىستىرى ئۆز دۆلىتىنى خىتايغا زىيادە بېقىنىپ قالماسلىققا چاقىردى

«تەيىببي ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 7 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، گېرمانىيە مالىيە مىنىستىرى كىرىستىيان لىندنېر 6 ـ ئاپرېل كۈنى گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ خىتايغا بىلەن بولغان سودىغا زىيادە تايىنىپ

قالغانلىقىنى؛ شۇ ۋەجىدىن، ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئېكسپورت ئالاقىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولغىنىدەك، بۇلتۇر دېكابىردا ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن يېڭى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن «سۈرھەتلىشىدىغانلىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى»نى ئېيتقانىدى.

شۇ سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە، بۇ قېتىم كىرىستىيان لىندنېر: «بەلكىم بىزنىڭ (خىتايغا ئوخشاش) سودا شېرىكلىرىمىز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز بىلەن ئورتاق قىممەت قاراشقا ئىگە دۆلەتلەر بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.

خىتاي بۇلتۇرمۇ گېرمانىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولغان بولۇپ، مەزكۇر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش مىقدارى **245** مىليارد ياۋرو بولغان.

## تەتقىقاتچىلار خىتاي دوختۇرلارنىڭ مەھبۇسلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا، ئۇلار يۈرەك ۋە ئۆپكىلىرىنى ئېلىۋالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى

«**nypost**» تورنىڭ 7 ـ ئاپرېلدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاۋسترالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (**ANU**) خىتاينىڭ نەچچە مىڭ پارچە تىببىي ماقالىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئېرىشكەن يەكۈنگە كۆرە، خىتاي دوختۇرلار ئوپېراتسىيە جەريانىدا بىمارلارنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن.

مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىنى تەييارلىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى خىتاينىڭ «بارلىق مەھبۇسلارنىڭ مېڭىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئورگانلىرى ئېلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئامېرىكادىكى بىر تىببىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بەزى مەھبۇسلار گەرچە ئورگىنى ئېلىۋېلىنغاندا ھوشىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ھايات ئىكەن ۋە خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى خەلقئارالىق تىببىي كۆرسەتمىلەرگە زىت ئىكەن.

مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان مەسيۇۋ روبېرتسون بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «بىز ‹خىتاي دوختۇرلارنىڭ دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش شەكىللىرىدىن بىرىنىڭ مەھبۇسلار تىرىك ھالەتتىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېلىۋېلىش› ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق».

مەزكۇر تەتقىقاتچىلار خىتايدىكى **1980** ـ يىلىدىن **2020** ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى، بەدەن ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش جەريانىغا ئالاقىدار **2838** پارچە ماقالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى **71** ئوپېراتسىيەدە كىشىلەرنىڭ مېڭىسى ئۆلمەستىنلا، ئەزالىرىنىڭ ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

## ئامېرىكالىق دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ئامېرىكادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى خىتاينىڭ ھەربىي تەرەققىياتىغا يانتاياق بولماسلىققا ئۈندىدى

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» تورى 8 ـ ئاپرېل يۇقىرى دەرىجىلىك تاشقى سىياسەت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى تەتقىقاتچىسى كرېيگ سىنگولتاننىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكا مائارىپ ساھەسىگە سىڭىپ كىرىش ئۇرۇنۇشىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان بىر پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

مەزكۇر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي «دۆلەت مۇداپىئە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يەنلەر»دە ئىلىم ئالماشتۇرۇش نامىدا ئامېرىكانىڭ ۋىرجىنىيا شتاتىدىكى ئۈچ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا 280 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پەۋقۇلئاددە ئىلغار دۆلەت مۇداپىئە تېخنىكىلىرىغا ئالاقىدار تۈر تەتقىقاتلىرىغا قاتنىشىدىكەن ۋە بۇ جەرياندا ئالاقىدار تېخنىكىلارنى ئىگىلەپ، زورلۇق تېپىلسا ئوغرىلاپ، خىتايغا قايتقاندىن كېيىن، «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى»نى ئۆزلىرى ئوغرىلاپ كەلگەن تېخنىكىلار بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن، كرېيگ سىنگولتان خىتاينىڭ بۇ رەۋىشتە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئامېرىكانىڭ تېخنىكا سەمەرىلىرىنى ئوغرىلاپ، شۇ تېخنىكىلارنى ئامېرىكاغا قارشى قوللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى؛ شۇنداقلا، ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

## ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇردى

«فلورىدا كۈندىلىك گېزىتى» تورىنىڭ 12 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئەزاسى ماركو رۇبىيو ئۇيغۇرلارنى قوغداشقا ئائىت يەنە بىر قانۇن لايىھەسىنى كېڭەش پالاتاسىغا سۇنغان.

ئىگىلىنىشىچە، مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى ئامېرىكا نۇتۇق پروگراممىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئاممىۋى دىپلوماتىيە مۇنبەرلىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۇچراۋاتقان دەپسەندىچىلىكنى سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش؛ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى زىيارەت قىلىش؛ ئۇيغۇر تۇتقۇنلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتىش؛ ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا تەربىيەلەش؛ خىتاي، تۈركىيە ۋە ئۇيغۇرلار كۆپرەك ياشايدىغان باشقا دۆلەتلەردىكى ئامېرىكا دىپلوماتىك ئاپپاراتلىرىدا كەم دېگەندە بىردىن ئۇيغۇر تىلى بىلىدىغان خادىملار بولۇش؛ ئامېرىكانىڭ ب د ت دىكى

ئەلچىسىنىڭ ب د ت دا ئۇيغۇرلارغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە كاشىلا قىلىشقا ئالاقىدار ھەرقانداق قارارغا قارشى تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## پاكىستان ۋە سىرىلانكادىكى كرىزىس باشقا دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ قەرز قىلتىقىغا چۈشمەسلىككە ئۈندەيدىغان ئىبرەت بولۇپ قالدى

«theprint» تورىنىڭ 12 ـ ئاپرېلدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدىن كۆپلەپ قەرز ئالغان ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا زور دەرىجىدە بېقىنىپ قالغان پاكىستان بىلەن سىرىلانكا نۆۋەتتە ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىپ قالغان.

دۇنيا بانكىسىنىڭ يېقىنقى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پاكىستان نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئون چوڭ قەرزدار دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ قەرزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايدىن ئېلىنغان ئىكەن.

سىرىلانكانىڭمۇ خىتايغا تەخمىنەن سەككىز مىليارد دوللار قەرزى بار ئىكەن. سىرىلانكا 2017 ـ يىلى قەرز قايتۇرۇشتا قىينالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى چوڭ پورتى بولغان ھامبانتوتا پورتىنى 1 مىليارد 200 مىليون دوللارغا خىتايغا 99 يىللىق ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. گەرچە بۇ دۆلەت 2021~2022 ـ يىللىرى ئارىسىدا، خىتايغا ئىككى مىليارد دوللارغا يېقىن قەرز قايتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھېلىھەم چوڭقۇر قەرز پاتقىقىدىن قۇتۇلالمىغان. شۇ ۋەجىدىن، 2021 ـ يىلى، سىرىلانكا پرېزىدېنتى گوتابايا راجاپاكسا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە، خىتاينىڭ سىرىلانكا بىلەن بولغان مەۋجۇت قەرز قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشىنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، خىتاي بۇنىڭغا يېقىنمۇ كەلمىگەن.

خىتاي باشقا دۆلەتلەرگە ئاسانلا قەرز بېرىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما قەرز قايتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى قاتتىق تەلەپلەرنى قويىدىغان بولغاچقا، بۇ قىلتاققا دەسسىگەنلىكى دۆلەتلەر بۇرنىغا يەپ كەلمەكتە ئىكەن.

## يېڭى لاگېر شاھىدى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكاغا يېتىپ كەلدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 13 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر لاگېرغا ئون ئايدىن ئارتۇق قامالغان يەنە بىر لاگېر شاھىدى ئۆۋالبېك تۇرداخۇن 8 ـ ئاپرېل كۈنى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئامېرىكانىڭ ۋاشىڭتون شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن.

ئۆۋالبېكنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ ئەسلى ئۆلۈغچات ناھىيەسىلىك بولۇپ، ئايالى قىرغىزىستان پۇقراسى بولغانلىقتىن 2018 ـ يىلى فېۋرالدا ئايالىنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ قىرغىزىستانغا بارغان. ئەمما قايتىپ كەلگەن ھامان «قىرغىزىستاندا رۇخسەت قىلىنغان مۇددەتتىن ئۆزۈن تۇرغان» دېگەن باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان.

شۇنداقلا، ئۇ تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن ھەر خىل قىيىن-قىستاقىقا دۇچ كەلگەن، جۈملىدىن «يولۋاس ئورۇندۇق»تا ئولتۇرغۇزۇلغان. ئۇۋالبېك ۋە ئۇنىڭ 23 نەپەر كامېردىشىغا نامەلۇم ئوكۇللار ئۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ۋە پۇت-قوللىرى قاتتىق ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن سېرىق يىرىڭ چىققان، يەنە بەزىلەر ماڭالماس بولۇپ قالغان.

ئۇۋالبېك 2018-يىلى 11-ئايدا لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ، بىر يىلچە ئائىلىسىدە نەزەربەند قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن، 2019-يىلى 12-ئايدا ئۇ ئۆزىنىڭ قايتا تۇتقۇن قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قىرغىزىستانغا كەلگەن. لېكىن، خىتاي دائىرىلىرى ئۇنى قىرغىزىستاندىمۇ ئارامىدا قويماي، يۇرتىغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئۇۋالبېكنىڭ ۋىزىسىنىڭ ۋاقتى توشقاندا، قىرغىزىستان دائىرىلىرى ئۇنىڭ ۋىزىسىنى ئۇزارتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغان، ھەتتا ئۇۋالبېك خىتايغا قايتۇرۇلۇش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، ماركو رۇبىيو قاتارلىق ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يول مېڭىشى نەتىجىسىدە، ئامېرىكا تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇۋالبېككە ئالاھىدە كۆچمەنلەر ۋىزىسى بېرىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكاغا كېلىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن.

## شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا

«indiablooms» تورىنىڭ 15-ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، غۇلجا ناھىيە چۆلۈقاي يېزىسىدىكى ئارانلا 700 دىن ئارتۇق نوپۇسى بار شەيخ مەھەللە كەنتىدە ئاز دېگەندە 100 كىشى تۈرمىدە ئىكەن. شۇنداقلا، خىتاي دائىرىلىرى مەزكۇر تۇتقۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار، ئاز بىر قىسمى ياشانغانلاردىن تەركىب تاپقان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى مەخسۇس ئاپتوبۇستا  زاۋۇت-فابرىكىلارغا ئاپىرىپ، كۈنىگە ئون سائەتتىن 12 سائەتكىچە ئىشقا سالماقتا ئىكەن. بۇلارنى ئىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئاجرىتىلغان مەخسۇس خادىملار بار ئىكەن.

چۆلۈقايدىكى بىر ساقچىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر زاۋۇتلار غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ياماچاڭ دېگەن يەردە بولۇپ، مەزكۇر ساقچى: «(ئۇ يەردە) تەخمىنەن 500 دەك ئادەم ئىشلەيدۇ، ئۇ يەردە كىيىم، پايپاق ۋە پەلەي تىكىدىغان زاۋۇتلار بار» دېگەن.

ئىگىلىنىشىچە، تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سەھەر سائەت ئالتىدە زاۋۇتلارغا ئاپىرىلىپ، كەچ سائەت ئالتىدە ئۆز كەنتىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدىكەن.

## سەئۇدىي ئەرەبىستان خىتايغا قايتۇرۇشنى پىلانلىغان تۆت نەپەر ئۇيغۇرنى قايتۇرۇش پىلانىنى ھازىرچە توختاتتى

ھىندىستاندىكى «سىياسەت» تورىنىڭ 16-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە نۇرغۇن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈرلۈك تىرىشچانلىقى، جۈملىدىن نامايىش ۋە ئېتىرازلىرى

سەۋەبلىك، سەئۇدىي ئەرەبىستان ئەسلىدە 13 ـ ئاپرېل كەچتە خىتايغا قايتۇرۇلۇشى پىلانلانغان، ھەمدۇللاھ ۋەلى، نۇرمۇھەممەد روزى، بۇخەلچەم ئابدۇللاھ ۋە بابۇرە مىرئەھمەدتىن ئىبارەت تۆت نەپەر ئۇيغۇرنى ھازىرچە خىتايغا قايتۇرمايدىغان بولغان.

«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» 14 ـ ئاپرېل بۇ ھەقتىكى تۆتىنچى يازمىسىدا شۇنداق دېگەن: «تۈنۈگۈن كەچتە تۆت نەپەر ئۇيغۇرنى قايتۇرۇش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. لېكىن، ئۇلار يەنىلا غايەت زور خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەرنىڭ سەئۇدىي دائىرىلىرىنى مەزكۇر قايتۇرۇش پىلانىنى تەلتۆكۈس ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە بۇ تۆت ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى خالىغان دۆلەتكە كېتىشىگە يول قويۇشقا ئۈندىشى پەۋقۇلئاددە زۆرۈردۇر.»

## ئېستونىيە چوقۇم شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك

20 ـ ئاپرېل، كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسى ئېۋېرسون ئولىۋېر لۇد «estonianworld» تورىدا «ئېستونىيە چوقۇم شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە پەۋقۇلئاددە ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىگە شاھىت بولغان ئېستونىيەنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قىسمىتىگە كۆز يۇمۇۋالماي، خىتاي كومپارتىيەسىنى ھېسابقا تارتىشقا ئۈندىگەن ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ھالدا، ئىنكار قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەر ئاساسىدا تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق، ئېستونىيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى تەكرار تەكىتلىگەن.

## خىتاي شۋېتسىيەنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشقا ئۈندىدى

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 20 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئالدىنقى ھەپتە شۋېتسىيەدىكى رادىكال ئوڭچى پارتىيەنىڭ رەھبىرى راسمۇس پالاۋدان شۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى لىنكوپىڭ شەھىرىدىكى بىر يىغىلىشتا قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرگەن ۋە كېيىنكى يىغىلىشلىرىدىمۇ قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالغان.

بۇ ھەقتە مىسلىسىز پەسكەش قىلمىش بولسىمۇ، ئەمما ئىشنىڭ مەسخىرىلىك تەرىپى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاندا مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولىۋالغان، قۇرئان ئوقۇشنى چەكلىگەن خىتاي دائىرىلىرىمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن بۇ ۋەقەگە بولغان «ئېتىرازى»نى بىلدۈرۈپ ئۈلگۈرگەن.

بۇ ھەقتە، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن شۇنداق دېگەن: «سۆز ئەركىنلىكى ئىرقىي ياكى كۇلتۇرال كەمسىتىشنى يوللۇقلاشتۇرۇشنىڭ ۋە جەمئىيەتنى بۆلۈۋېتىشنىڭ باھانىسى قىلىنسا بولمايدۇ. بىز

شۋېتسىيەنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

## خىتاي دائىرىلىرى ئۇمان خەلقىنى شەرقىي تۈركىستانغا مەبلەغ سېلىشقا ۋە ساياھەت قىلىشقا ئۈندىدى

«alaraby» تورىنىڭ 21 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى، خىتاينىڭ ئۇماندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكىلەر، شۇنداقلا ئۇماننىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى قاتارلىقلار بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا تور يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇماننىڭ خىتاي ئەلچىسى ناسىر بۇسەيدى مەزكۇر يىغىندا شۇنداق دېگەن: «مەن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ يەرگە بارغانىدىم، مەزكۇر رايوندىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەندە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، تېخىمۇ مۇھىمى مەزكۇر رايون تېرورىزمدىن ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقتىن تازىلاندى. مەن تېخىمۇ كۆپ ئۇمانلىقلارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

مەزكۇر تور يىغىنىدا، خىتاينىڭ ئۇماندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى بىڭبىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىكى مۇھىم ئورنىنى تەكىتلەپ، ئۇمانلىقلارنى بۇ يەرگە مەبلەغ سېلىشقا ئۈندىگەن.

## خىتاينىڭ لاتىن ئامېرىكاسىدىكى مائارىپ جەھەتتىكى تەسىرى كۈچىيىشى مۇمكىن

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 23 ـ ئاپرېلدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، لاتىن ئامېرىكاسىدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، نۆۋەتتە لاتىن ئامېرىكاسى ۋە كارىب دېڭىزى رايونىدىكى 23 دۆلەتتە كۇڭزى ئىنستىتۇتى بار ئىكەن. بەزى دۆلەتلەردە بۇ ئىنستىتۇت بىردىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا جايلاشقانىكەن. مەزكۇر ئىنستىتۇتلاردا خىتايچە ئۆگىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار خىتايغا يازلىق لاگېرلارغا ئاپىرىلىدىكەن، كۇلتۇرەل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدىكەن ۋە كوممۇنىستىك تۈزۈملە ئاستىدىكى خىتايدا ئوقۇماقچى بولغانلارغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلىدىكەن.

2010 ـ يىلى مەكتەپلەردە «كۇڭزى مەركىزى» ئېچىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خىتايچە ئۆگىنىش سىنىپىدا ئوقۇيدىغان مۇقىم ئوقۇغۇچى سانى قىرىقتىن 300 گە چىققان.

«خىتاينىڭ لاتىن ئامېرىكاسىدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى: يۇمشاق كۈچ قورالى» ناملىق ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاپتورى جېيك گىلىسچىرەپ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «خىتاي لاتىن ئامېرىكاسىدا، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ۋە خىتايغا بولغان كۇلتۇرەل تونۇشنى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە تېخىمۇ يېقىن دۇنيا قارىشىغا ئىگە كەلگۈسى رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ كويىدا.»

### ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلەنگەن خىتاي تېلېكامېرالىرى ھېلىھەم ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەكتە

«dailymail» تورىنىڭ 23 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئالدىنقى ھەپتە، ئەنگلىيە سەھىيە مىنىستىرى ساجىد جاۋىد قول ئاستىدىكى تارماقلارغا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار «Hikvision» شىركىتىنىڭ تېلېكامېرالىرىنى سېتىۋالماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە سەھىيە مىنىستىرلىقى ھېلىھەم «Hikvision» ماركىلىق تېلېكامېرادىن 82 نى ئىشلەتمەكتە ئىكەن. ئىگىلىنىشىچە، مۇشۇ ماركىلىق تېلېكامېرالار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلگەن ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


Абләһәт Исламов
ئابلەھەت ئىسلاموۋ (1959-2022)
ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكانت ، «تاڭ ساباسى» ناملىق
مۇزىكىنىڭ ئىجادچىسى ئابلەھەت ئىسلاموۋ ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



لدېرلىق دېمەك كشلەرنىڭ يوشۇرۇن ئارتۇقچلىقلىرنى بايقاپ ئۇلارنى
تېخمۇ ياخشى بولۇشقا يېتەكلەش دېمەكتۇر.